# شىنجاڭ ئىگىرچىلىكى



# مۇندەرىجە

## تارىخ سەھىپىسىدە


گەردىزىنىڭ تارىخى ئەسىرى «زەينۇل ئەخبار» دىن پارچىلار ...... 1
روسىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ قىسقىچە تارىخى. . . نەبىجان تۇرسۇن 14
قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىششى
........................ داۋۇت سايىم 27
غېنىزات خوجا ۋە ئۇنىڭ تايغانلىرى .............. ئەخمەت بايىزى 32
ئۇچارئات — شاتۇر .................... ياقۇپ ئەمەت 34


## يەر ناملىرى تەتقىقاتى


ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ......
........................ بەيتۇللا جانئەخمەت 35


## ئىلمىي مۇھاكىمە


شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ ......
........................ خورۋات ئىسابىللا 38


## ئۆرپ - ئادەت


XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى توغرىسىدا
........................ سەئىدە ئابدۇخەمىتىۋا 45


## شىنجاڭدىكى كەسىپلەر


ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە بېزىكى — ساندۇق .......... ئايگۈل ئوسمان 51
خوتەن قاشتېشى ھەققىدە پاراڭ .............. ھەبىبە ئابدۇللا 54


## تەزكىرە گۈلزارى


ئابدۇقادىر داموللام ئۆلتۈرۈلگەن پاجىئەلىك كېچە ..............
........................ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 57


## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى


يىپەك يولىدىكى ئۆتەڭ — شەيدۇللا .......... ئابدۇلئەھەت ئالىم 59


## جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى


2 § . مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل ۋە تۇرپان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
........................ 60



شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

يەسىللىك ژۇرنال
16 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 47 - سان

1999 - يىللىق
2 - سان

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
قادىر ھايىز
غوپۇر ھوشۇر نىيازى
ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھايىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئايلىز ئورخۇن

# گەردىزىنىڭ تارىخىي ئەسىرى «زەينۇل ئەخبار» دىن پارچىلار

— «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى (1893 — 1894 - يىللار)» نىڭ قوشۇمچىسى

**ۋ. ۋ. بارتولد**

1895 - يىلى يازدا مەن چەت ئەلدە خىزمەت قىلىۋاتقان چېغىمدا ھەرخىل شەرق قول يازمىلىرىنى كۆرگەنىدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغىنى ئەبۇ سەئىد ئابدۇل ھەييا بىننى زەھھاك گەردىزىنىڭ غەزنەۋى خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىد (1050 - 1053 يىللار) نىڭ قىسقىغىنە ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدە يېزىپ چىققان «زەينۇل ئەخبار» دېگەن ئەسىرى ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ بىردىنبىر نۇسخىسى ھازىر ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇبخانىسىدا ساقلانماقتا. ئېتېنىڭ «كاتالوگ» ىدىن بۇ ئەسەرنىڭ تەپسىلىي مۇندەرىجىسىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كاتالوگ تۈزگۈچىنىڭ پىكرى ناھايىتى توغرا. بۇ كاتالوگ مۇندەرىجىسىدىن بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ. بۇ ئەسەر يەنىمۇ تەتقىق قىلىنسا، بىزنىڭ تەلىپىمىزمۇ تولۇق قاندۇرۇلغان بولاتتى. ئەرەب ئىستىلاسىدىن تاكى سۇلتان مەئۇدۇد تەختكە چىققىچە (1041 - يىلغىچە) بولغان مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ تارىخى ھەققىدە گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىن ھېچكىم پايدىلىنىپ باقمىغان. ئەسلى قول يازما ھەققىدە ئايرىم چۈشەنچە بېرىمىز. بۇ ئەسەرنىڭ كۆپلىگەن ئۈزۈندىلىرى ئېلان قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بىز بۇ يەردە پەقەت تۈركىي قەبىلىلەرگە ئائىت بىر بابنىلا تونۇشتۇرىمىز. بۇ بابتا جۇغراپىيىگە دائىر نۇرغۇن يېڭى ماتېرىيال ۋە قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىر قاتار قىزىقارلىق رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن.

گەردىزى ۋەزىر جەيھانىينىڭ ئەسىرىنى (ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كېيىنكى ئەرەب جۇغراپىيونلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كىتابتىن پايدىلانغان)، ئىبن مۇقەففا (بۇ كىشى پارس شاھلىرى؛ ھىندى رىۋايەتلىرى ۋە ئارىستوتىلنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان ئاتاقلىق تەرجىمان) نىڭ نامسىز ئەسىرىنى، ئىبن خۇردادبىھ (IX ئەسىردە ياشىغان) نىڭ كىشىلەرگە يېتىپ كېلەلمىگەن «تەۋەددۇد دۇنيا» ۋە «كىتابى ئەخبار» ناملىق ئەسەرلىرىنى تارىخىي مەنبە قىلغان. ئىبن خۇردادبىھنىڭ كېيىنكى كىتابى يوقالغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نامى «پارسلار ۋە پارس شاھلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» دۇر. دېگويې نەشىر قىلغان ئىبن خۇردادبىھنىڭ جۇغراپىيىگە دائىر ئەسىرىدە گەردىزى نەقىل ئالغان جايلار يوق. ئىبن خۇردادبىھنىڭ راۋىيەت ئەپەندى نەقىل كەلتۈرگەن پارسچە ئەسىرىدە (بۇ ئەسەرنىڭ تارىخىي ئەسەر ياكى جۇغراپىيىۋى ئەسەرلىكى نامەلۇم) بارسغاندىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ دۆلىتىگە بارىدىغان يول نەقىل ئېلىنغان. بىز بۇ بىر بۆلەك مەزمۇننى پەقەت گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىلا ئۇچراتتۇق. ئىبن خۇردادبىھنىڭ مۇشۇ ئەسىرىنىڭ باشقا ساقلىنىپ قالغانلىرىنى ھېچيەردىن تاپالمىدۇق.



گەردىزى تىلغا ئالغان شەھەر ئىسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى تۇمانسكىينىڭ ئەسىرىدىن تاپتۇق. بىز پەقەت گەردىزى نەقىل كەلتۈرگەن يول لىنىيىگە ئاساسلىنىپ، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى قىياسەن بېكىتىپ چىقتۇق. گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى XII ئەسىردە ئۆتكەن نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «مەجمۇئات تەۋارىخ» ۋە مۇھەممەت ئەۋفىينىڭ ( XIII ئەسىردە ياشىغان) «قىزىقارلىق ئىشلار ۋە مەشھۇر ھېكايىلەر» دېگەن ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئېنىقكى، گەردىزىنىڭ شەرقىي ياۋروپادىكى مىللەتلەرگە دائىر ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىياللىرى ئىبن رۇستەھنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان. ئەمما گەردىزى ئۆز ئەسىرىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۇنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل ئالمىغان، بەلكىم ئىبن رۇستەھ بىلەن گەردىزى ئوخشاشلا ئىبن خۇردادبېھنىڭ ئەسىرىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ گەردىزى بايان قىلغان بەزى مەلۇماتلارنى بىز ئىبن رۇستەھنىڭ ئەسىرىدىن تاپالمايمىز.

گەردىزىنىڭ ئەسىرىنىڭ تىلى ئىخچام، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق قىيىنچىلىق يوق. ئەمما ئەسەردىكى نۇرغۇن قەدىمىي سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشى قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازما نۇسخىسى كېيىنرەك كۆچۈرۈلگەن. مىلادىيە 1782 - يىل 12 - ئاي) ؛ كۆچۈرگۈچى بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن سۆز ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشىنى چۈشىنەلمىگەن ۋە بەزى جايلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئادەم چۈشىنەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. ئەسلى نۇسخىسىنى تۈزىتىشتە مەن تۇمانسكىينىڭ نەشرىدىن، «مەجمۇئات تەۋارىخ» دىن، دېگويى ئېلان قىلغان ئىبن رۇستەھنىڭ ئەسىرىدىن ۋە راۋېرتىنىڭ ئىبن خۇردادبېھنىڭ ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن قىسىملىرىدىن پايدىلاندىم. تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش ئىشلىرىنى ئاساسەن زالېمان قىلدى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئەسلى تېكىستنى سېلىشتۇرۇپ، ئوقۇشۇپ بەردى.

## تەرجىمىسى

ئەبەيدۇللاھ بىننى خۇردادبېھ ئۆزىنىڭ «كىتابى ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە «تۈركلەر چىنلىقتۇر» دېگەن. ئەبۇ ئەمىر ئابدۇللاھ بىننى مۇقەففا ① «دۇنيانىڭ تۆت تەرىپى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىدىن چىققاندا ئادەمزات ئۇرۇقى تامامەن قۇرۇغانىدى. نوھنىڭ ھام، سام، يافەس دەپ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى مۇشۇ ئۈچ ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئۇ، زەنگىلەر، ھەبەشىستانلىقلار، نۇبىيە ۋە بەربەرلەر زېمىنىنى ۋە ئۇ دۆلەتلەرنى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئوكيانلارنى ھەمدە ئىراننى ھامغا بېرىپتۇ؛ ئىراق، خۇراسان، ھىجاز، يەمەن، سۇرىيە ۋە ئىران شەھەرلىرى سامنىڭ مۈلكى بوپتۇ؛ تۈرك، سىلاۋىيان، يەجۇج - مەجۇجلەر ياشىغان جايلاردىن تاكى چىنغىچە بولغان زېمىننى يافەسكە بېرىپتۇ. تۈركىستان ئادەم زىچ جايدىن يىراق بولغاچقا «تۈرك» ② دەپ ئاتالغان. نوھئەلەيھىسسالام ئۇلۇغ تەڭرىدىن يافەسكە بىر ئىسىم ئاتا قىلىشنى، بۇ ئىسىمنى دېگەندە شۇئان يامغۇر يېغىشنى تىلەپ دۇئا قىپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭ ئىلتىجاسىنى ئاڭلاپتۇ ھەم يافەسكە يامغۇر تىلەشنىڭ دۇئاسىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. يافەس بۇنى ئۆگىنىۋاپتۇ ھەم ئۇنى بىر تاشقا پۈتۈپ، ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن بويىنىغا ئېسىۋاپتۇ. ھەر قېتىم بۇ ئىسىمنى ئوقۇپ يامغۇر تىلىگەندە، يامغۇر ياغىدىكەن. مۇبادا ئۇ تاشنى سۇغا سېلىپ سۇنى كېسەل ئادەمگە ئىچكۈزسە، كېسەل شۇئان ساقىيىپ كېتىدىكەن. كېيىن تاشنى تەۋەرۈك سۈپىتىدە ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار كۆپىيىپ نۇرغۇن بوپتۇ. غۇز (ئوغۇز)، قارلۇق، ھازار ۋە باشقا قەبىلىلەر تاشنى دەپ ماجىرالىشىپتۇ. تاش ئوغۇزلارنىڭ قولىدا ئىكەن. شۇڭا ئۇلار بىركۈنى يىغىلىپ چەك تارتىپ، چەك كىمگە چىقسا تاشنى شۇنىڭغا بەرمەكچى بوپتۇ. ئوغۇزلار ھېلىقى تاشقا ئوخشاش تاشتىن بىرنى تېپىپ، ھېلىقى ئىسىم

ئەزەمنى مۇشۇ تاشقا پۈتۈپ قويۇپتۇ. بەلگىلەنگەن پەيت يېتىپ كەپتۇ. چەك تارتىلىپتۇ، چەك قارلۇقلارغا چىقىپتۇ. ھېلىقى يالغان تاشنى ئوغۇزلار قارلۇقلارغا بېرىپتۇ. ئەسلىدىكى تاش ئوغۇزلارنىڭ قولىدا قاپتۇ. تۈركلەرنىڭ تاشتىن يامغۇر تىلەش ئادىتى مانا مۇشۇنىڭدىن كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ شالاڭلىقى ۋە ياۋۇزلۇقىغا كەلسەك، [يافەس] بوۋاق چېغىدا ئاغرىپ قېلىپ، ھېچقانداق دورا كار قىلماپتۇ. ئاخىرى بىر موماي يافەسنىڭ ئانىسىغا: «سىز ئۇنىڭغا چۈمۈلە تۇخۇمى بىلەن بۆرە سۈتى بەرسىڭىز ساقىيىپ كېتىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يافەسنىڭ ئانىسى مۇشۇ ئىككى نەرسە بىلەن يافەسنى بىرئاي بېقىپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپتۇ. ئۇ بالاغەتكە يەتكەندە شالاڭ ساقال - بۇرۇت ئۈسۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ بوپتۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، شالاڭ ساقال - بۇرۇت چۈمۈلە تۇخۇمىدىن، ياۋۇزلۇق بۆرە سۈتىدىن كەلگەنىكەن. تۈركلەر ئەنە شۇ يافەسنىڭ ئەۋلادىدۇر. ھازىر مەن ئۇلارنى كىتابىمدا ئۆزەم كۆرگەن كىتابلاردىكىدەك بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

قارلۇقلارغا كەلسەك، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قارلۇق ئەسلىدە تۈرك بەگلىرىدىن بىرى ئىكەن. بۇ تۈركلەر بىر جايدىن باشقا بىر جايغا كۆچۈپتۇ. قارلۇقنىڭ ئانىسى ئاتقا مىنىپ مېڭىپتۇ. بۇ يەردە ھېچقانداق ئادەمزات يوق ئىكەن. قارلۇقنىڭ بىر قولى ئۇنىڭ ئاپىسىغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭغا ئېرىشمەكچى بولۇپ، ئۇنى قۇچاقلىۋاپتۇ. ئۇ ئايال پوپۇزا قىلىپ ئۇنى قوغلىۋېتىپتۇ. تەبىئىيكى، تۈرك ئاياللىرى ئەخلاقلىق كېلىدۇ. قۇل قورقۇپ كېتىپ، قاغان ھۆكۈمرانلىقىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىغا قېچىپ كېتىپتۇ. قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى بىر كىشى ئۇنى ئوۋ ئوۋلاۋاتقان يەردە كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يەر ناھايىتى سوغۇق بولغاچقا، ئۇ ئۈستىگە ئىككى پارچە كىگىزنى يېپىنچا قىلىۋالغانىكەن. قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى ھېلىقى كىشى ئۇنى «يابغۇ» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن ئۇنى قاغاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. قاغان ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قارلۇقلارنى چاقىرىپ، بۇ يابغۇنى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەپتۇ ۋە بۇ قەبىلىنى يابغۇ قارلۇق دەپ ئاتاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

كېيىن بىر ئادەم تۈركىستاندىن توققۇز ئوغۇز قەبىلىسىگە كەپتۇ. ئۇ يابغۇ قەبىلىسىدىكى بىر قۇل قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى تۈركىستانغا ئېلىپ قېچىپتۇ. تۈركىستان قاغانى ئۇ قىزنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ، خوتۇنلۇققا ئاپتۇ ۋە ئۇنى ناھايىتى ئوبدان كۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپتۇ ۋە تۇغقانلىرىنى تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار كېلىشى بىلەنلا، قاغان ئۇلارغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر بۆلۈپ بېرىپتۇ ۋە شۇلارنىڭ قەبىلىسىدىكى قالغانلارنىمۇ چاقىرتىپتۇ. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەبىلە بويىچە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يىغىلىپ بولغاندا، قاغان ئۇلارنى سىرتتىن كەلگەن كىشىلەر دەپ قاراپ ئۆز زېمىنىدا تۇرۇش ھەم ئۇلارغا بېرىشنى. . .③ بۇيرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ يەردە تۈركىستانلىقلار قاغانغا قارشى كۈرەش قىلغانغا قەدەر تۇرۇپتۇ. ئۇلار مۇشۇ خەلق ئىچىدىكى شان - شەرەپكە سازاۋەر 20 بەگنى ئۆلتۈرۈپ، خاقانىيلىك - لەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپتۇ. خاقانىيلىكلەرنىڭ دۆلىتى قارلۇقلارنىڭ چوڭ پەن ( 穷潘 ) ئۇرۇقىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. قۇتۇلغان خاقانىيەلىكلەر ئىچىدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. قارلۇقلاردىن بىرىنچى بولۇپ تەختكە چىققان كىشىنىڭ ئىسمى — ئىلمالماسىن ئىدى. كېيىن ھاكىمىيەت قارلۇقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تۈركىستاندىكى نۇرغۇن قەبىلە مۇشۇ يابغۇ قارلۇق قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئەمما ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئەمەسمەن.

قىماقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق: تاتار بەگ ئۆلگەندىن كېيىن ئىككى ئوغلى قالغانىكەن. چوڭ ئوغلى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپتۇ. كىچىك ئوغلى ئاكىسىغا غوم ساقلاپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى شاد

ئىكەن. ئۇ ئاكىسىغا بىر قېتىم سۈيقەست قىلغان بولىسمۇ، مەغلۇپ بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورقۇپ كېتىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قۇل قىز بىلەن بىللە، ئاكىسىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرگە قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە بىر دەريا بار ئىكەن، ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان قۇش ۋە ياۋايى هايۋانلار ياشايدىكەن. ئۇلار مۇشۇ يەرگە چېدىر تىكىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ. ئىككىسى هەر كۈنى بىللە ئوۋ ئوۋلاپ هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەپ، بۇلغۇن، سۆسەر تېرىلىرىدىن كىيىم تىكىپ كىيىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ بۇيەرگە ئۇلارنىڭ 7 تۇغقىنى كەپتۇ. ئۇلار ئىمى، ئىمەك، تاتار، باياندىر، قىپچاق، لانىكەز④، ئاجلادلار ئىدى. بۇ يەتتەيلەن ئەسلىدە خوجايىنلىرىنىڭ پادىسىنى باقىدىغان چوپانلار ئىكەن. پادىلار ئوتلاۋاتقان جايدا ئوت - چۆپلەر بولمىغاچقا، يايلاق ئىزدەپ چىقىپ شاد تۇرغان مۇشۇ جايغا كېلىپ قاپتۇ. شادنىڭ ئايالى ئۇلارنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ چىقىپ «ئەرتۈش» دەپ ۋارقىراپتۇ، بۇ «توختا»⑤ دېگەنلىك بولىدىكەن. ئېرتىش دەرياسىنىڭ نامى مۇشۇنىڭدىن كەلگەن. كۆپچىلىك ئۇ قىزنى تونۇپ ئاتتىن چۈشۈپ چېدىرغا كىرىپتۇ. شاد ئوۋلاپ كەلگەن نەرسىلىرى بىلەن ئۇلارنى مېهمان قىپتۇ. ئۇلار بۇ جايدا تاكى قىش كەلگىچە تۇرۇپتۇ. قىشتا قار قېلىن يېغىپ ئۇلار كېتەلمەپتۇ. بۇ يەردە ئوت - چۆپلەر ناهايىتى كۆپ ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇشۇ جايدا قىشلاپتۇ. قار - مۇزلار ئېرىپ ئەتىياز كەلگەندە، ئۇلار ئىچىدىن بىرسىنى تاتار ئوردىسىغا قەبىلىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە بېرىپ قارىسا، هەممە يەر خارابىلىققا ئايلىنىپ، ئاهالىلەر قىرىلغانىكەن، دۈشمەنلەر كېلىپ خەلقنى بۇلاپ - تالاپ ئۆلتۈرىدىغانىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان خەلق تاغ ئۈستىدىن بۇ يەرگە كەلگەن هېلىقى ئادەم تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ. ئۇ، ئۆز دوستلىرىغا شادنىڭ ئەهۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ هەممىسى ئېرتىش دەرياسىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، شادنى ئۆزىگە بەگ قىلىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. باشقا كىشىلەرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىشكە باشلاپتۇ. بۇيەردىكىلەر يىغىلىپ 700 كىشى بوپتۇ. ئۇلار ئۇزاققىچە شادنىڭ يېنىدا ئىشلەپتۇ. كېيىن ئۇلار تاغنى بويلاپ ئولتۇراقلىشىپتۇ ھەمدە بايا تىلغا ئېلىنغان 7 كىشىنىڭ ئىسمى 7 قەبىلىنىڭ ئىسمى بولۇپ قاپتۇ. بارلىق قىماقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋەهشى، پىخسىق ۋە قىزغانچۇق. بىر كۈنى شاد ۋە باللىرى ئېرتىش دەرياسى بويىدا تۇرسا: «سىز شادمۇ؟ سىز مېنىڭ سۇدا تۇرغانلىقىمنى كۆردىڭىزمۇ؟» دېگەندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شاد سۇ ئۈستىدە لەيلەپ قالغان چاچتىن باشقا هېچنەرسىنى كۆرەلمەپتۇ، ئېتىنى باغلاپ قويۇپ، سۇغا كىرىپ هېلىقى چاچنى تۇتۇپ قارىسا، ئۇ چاچ ئەسلىدە خوتۇننىڭ چېچى ئىكەن. ئۇ خوتۇندىن: «سەن قانداقلارچە بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «تىمساق مېنى قىرغاقتىن تارتىپ كىردى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ (قىماقلار بۇ دەريانى ئۇلۇغلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدىكەن، ئۇلار بۇ دەريانى ئۆزىنىڭ خۇداسى دەپ قارايدىكەن). شۇنىڭ بىلەن شاد «تۇتۇق» دەپ ئاتىلىپتۇ، بۇ سۆزنىڭ «ئاۋازنى ئاڭلاپ سۇغا ئىككىلەنمەي كىرگۈچى» دېگەن مەنىسى بار ئىكەن⑥.

قىماقلار زېمىنىغا بارىدىغان يولغا كەلسەك، فارابتىن يولغا چىقىپ يېڭى كەنت⑦ كە بارىمىز. يېڭى كەنتتىن قىماقلار يېرىگە بارىدىغان يولدا بىر دەريا بار. بۇ دەريادىن ئۆتسەك قۇملۇققا كىرىمىز. تۈركلەر بۇ يەرنى يۈكمەن دەپ ئاتايدۇ. يەنە ماڭساق سوقاق (سوقۇق) دەرياسىغا بارىمىز. بۇ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن سازلىققا كېلىمىز، يەنە ماڭساق كەندىرتاغقا بارىمىز. سەيياهلار ئاۋۋالقىدەكلا هېلىقى دەريانىڭ قىرغىقىنى بويلاپ ئوتلاق ۋە ئورمانلىقلار بىلەن ماڭسا دەريانىڭ مەنبەسىگە بارىدۇ؛ بۇ يەردىكى تاغلار ناهايىتى ئېگىز ئىكەن، كېيىن تاغ ئىچىدىكى تار چىغىر يول بىلەن تاغقا چىقىپ ئۇ يەردىن كەندىرتاغقا چۈشۈپ يەنە ئاسۇس دەرياسىغا قاراپ ماڭىمىز. مۇشۇ يولدا 5 كۈن ماڭىمىز، ئورمانلار ناهايىتى قېلىن بولغانلىقتىن، تا ئاسۇس

دەرياسىغىچە ئادەم قۇياش نۇرىنى كۆرمەيدۇ. ئاسۇس دەرياسىنىڭ سۈيى قارا بولۇپ، شەرقتىن ئېقىپ چىقىپ تەبەرىستانغا⑧ كىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرتىشقا قاراپ ماڭىمىز. مانا مۇشۇ جايلار قىماقلارنىڭ يۇرتىدۇر. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا نۇرغۇن ياۋا ئات بار، ئۇلار شۇ جايلاردا خالىغانچە ئوتلاپ يۈرىدىكەن. بەزى ۋاقىتلاردا بىر جايدىلا 1000 — 2000 دىن ئارتۇق ياۋا ئاتنى كۆرگىلى بولىدىكەن، ئۇلار ئېسىل ئاتلاردىن كۆپەيگەنىكەن. مۇبادا بۇ ئاتلارنى تۇتماقچى بولساق سالغا تاشلاپ تۇتۇشتىن باشقا ئۇسۇل كار قىلمايدۇ. ئات تۇتۇلغاندىن كېيىن مىنىپ كۆندۈرۈلىدۇ، ئات كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن كىشىلەر بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ كېتىدىكەن. ئېرتىش دەرياسى شۇنچە چوڭ ئىكەنكى، بىر ئادەم دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدا تۇرسا، قارشى قىرغاقتىكى ئادەمنى تونۇغىلى بولمايدىكەن، دەريا سۈيى قارا ئىكەن، ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قىماقلارنىڭ چېدىرلىرى ئالدىغا كېلىمىز. ئۇلارنىڭ پاكار قورۇلۇشلىرى يوق، ھەممىسى ئورمانلىق، تاغ جىلغىلىرى ۋە يايلاقلاردا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن كالا - قويلىرى بار، ئۇلاردا تۆگە يوق. مۇبادا بىرەر سودىگەر بۇ يەرگە بىر تۆگە بىلەن كەلسە، تۆگە ئۇ يەردە ياشىيالمايدۇ. چۈنكى تۆگە بۇ يەردىكى ئوتنى يېسە شۇ ھامان ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېلىدىن تۇز چىقمايدۇ، مۇبادا بىرەيلەن بۇ يەرگە بىر مەن⑨ تۇز ئېلىپ كەلسە، ئۇ كىشى بىر سۆسەر تېرىسىگە ئىگە بولىدۇ. يازدا ئۇلار قىمىز ئىچىدۇ. ئۇلار قۇرۇتۇلغان قوي، ئات ۋە كالا گۆشلىرىنى تەييارلاپ قىشلايدۇ. ئۇلارنىڭ باي - كەمبەغەللىكى مال - مۈلكىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئەلدە قار بەك كۆپ ياغىدۇ. داللارنى قاپلاپ كەتكەن قارلار نەيزە بويى كېلىدۇ.⑩ قىشتا ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ ناھايىتى يىراققا — ئۆك تاغ رايونىغا⑪ كېتىدۇ. ئۇلار قىشتا ياغاچتىن ياسالغان كۆلچەكلەرنى ئىشلىتىدۇ. قار قاتتىق ياغقان ۋاقىتلاردا ئاتلار مۇشۇ سۇلارنى ئىچىدۇ، چۈنكى قار قاتتىق ياغقاندا ئۇلار سۇ بار يەرگە بارالمايدۇ. قىماقلار بولغۇن، سۆسەر ئوۋلايدۇ. ئۇلارنىڭ بېگىنىڭ يامال يابغۇ (ياكى يامال بايغۇ) دەپ نامى بار.

ياغما قەبىلىسىگە كەلسەك، ھېلىقى تۈرك قاغانىنىڭ ئېيتىشىچە، قارلۇقلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، كۈچى زورىيىپ تۇخارستاندىكى خايتاللار⑫ بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ كىشىلەر قارلۇقلاردىن قىز تەلەپ قىلسا، قارلۇقلار ئۇلارغا قىز بېرىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاغان تۈركىستانىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىن ئەنسىرەپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز قەبىلىسىدىن قېچىپ چىقىپ، قارلۇقلارغا ئەل بوپتۇ. ئەمما كېيىنكىلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلار بىلەن ئەپ ئۆتەلمەپتۇ. تۈرك قاغانى ئۇلارنى قارلۇقلار بىلەن قىماقلارنىڭ ئارىسىدىكى زېمىنغا بېرىپ ئولتۇراقلىششقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر بېگى بولۇپ ئىسمى... ئىكەن. ياغمىلار باي خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يىلقىسى بار. چىنىنىڭ بىر ئايلىق غەربىدىكى جايدا ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يەردىن... چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نىزا تۇغۇلۇپ بىر قىسمى تۈرك قاغانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پاناھلىق تىلەپتۇ. ئۇلار كېلىپ ياغمىلارغا ئەل بوپتۇ، قالغانلىرى ئۇلار بىلەن بىرلەشكەن ۋاقىتىدا، ئۇلار تۈرك قاغانىنىڭ قېشىغا بىر ئەلچى ئەۋەتىپ قاغانغا ئۆز ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپتۇ ۋە: «بىز كېلىپ سىزگە خىزمەت قىلماقچى، مۇبادا سىز يول قويسىڭىز بىز شۇ ئان ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتىمىز» دەپتۇ. قاغان بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. قارلۇقلار ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىغاچقا، ناھايىتى كۆپ زىيانغا ئۇچراپ بۇ يەردىن ئايرىلىپ قىماقلارغا ئەل بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شاد تۇتۇق ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلاردىن باج - سېلىق ئاپتۇ. ئۇلار تامامەن ۋەيران بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاغاننىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، قاغاندىن ئۆزلىرىگە مېھرى - شەپقەت ئاتا قىلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، قارلۇق ۋە قىماقلاردىن

ئايرىلىپ قاغانىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قاغان شاد تۇتۇقنىڭ نامىغا تەقلىد قىلىپ، بايا نامى تىلغا ئېلىنغان ياغمىلارنىڭ بېگىگە ياغما تۇتۇق دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپتۇ.

قىرغىزلارنىڭ ئۆز بېگىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇشىنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن. ئۇ سلاۋيانلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، سلاۋيانلاردىكى مەرتىۋىلىك، ئېسىلزادە كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ سلاۋيان دۆلىتىدە تۇرغان مەزگىلدە رىمدىن بىر ئەلچى كەپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ سەۋەبى، رىملىقلار نوھنىڭ ئوغلى سامدىن كېلىپ چىققانلىقى، سلاۋيانلارنىڭ يافەستىن كېلىپ چىققانلىقىدىن بولغان. ئۇلارنىڭ نامى «ئىت» بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر، چۈنكى ئۇلار ئىت سۈتى ئىچىپ چوڭ بولغان. بۇ مۇنداق ئىش: كىشىلەر چۇمۇلىنىڭ تۇخۇمىنى ئالماقچى بولغاندا، چۇمۇلە خۇدادىن يافەسكە تەقۋادار ئوغۇل ئاتا قىلماسلىقنى تىلەپتۇ. يافەس بىر ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرۈپتۇ، ئىسمىنى ئەمكە قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى كور ئىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا ئىتنىڭ تۆت كۆزى بولىدىكەن. يافەسنىڭ بىر ئىتى بار بولۇپ، دەل شۇ چاغدا ئىتمۇ كۈچۈكلەپتۇ. يافەس ئىتنىڭ كۈچۈكىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى 4 ياشقا كىرگۈچە مۇشۇ ئىتنى ئېمىپتۇ. يول ماڭسا ئىتنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ قارىغۇلاردەك يول مېڭىپتۇ. ئىت ئىككىنچى كۈچۈكنى كۈچۈكلىگەندە، يافەسنىڭ ئوغلىنى تاشلىۋېتىپتۇ ھەم خۇدادىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغىنىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئىتنىڭ ئىككى كۆزىنى بۇ بالىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى، ئىتنىڭ پەقەت ئىككى كۆزى قالغانلىقى مەلۇم بولۇپتۇ، ئەسلىدىكى ھېلىقى ئىككى كۆزنىڭ ئورنى ئىتنىڭ يۈزىدە قاپتۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلار ساقلابلار (سلاۋيانلار) دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. ھېلىقى بەگ تالاش - تارتىشتا ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، سلاۋيان دۆلىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، هازارلارغا ئەل بوپتۇ. قاغان ئۆلگىچە ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈپتۇ. باشقا قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن، قېچىپ كەلگەن كىشىگە تازا ياخشى مۇئامىلە قىلمايۋاتقانلىقى بىلىنىپتۇ. ئۇ كىشى باشقا يۇرتقا كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ، باشقىلار يېنىغا كەپتۇ. باشجۇرت هازار بېگىنىڭ باي ئەمەلدارى بولۇپ، 2000 چەۋەندازى بار ئىكەن، ئۇھازارلار بىلەن قىماقلار ئارىسىدىكى زېمىندا تۇرىدىكەن. هازار قاغان باشجۇرتلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، سلاۋياننى قوغلىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ كىشى بىلەن سلاۋيانلار مۇشۇ ئىشنى دەپ تەگىشىپ قاپتۇ. سلاۋيانلار مەغلۇپ بولۇپ. . زېمىنىنى بېرىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار ئىكەن. ئۇ يول بويلاپ مېڭىپ، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن قىماقلار ئارىسىدىكى بىر جايغا كېلىپ قاپتۇ. توققۇز ئوغۇز قاغانى ئۆز قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن جېدەللىشىپ غەزەپتىن نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئامان قالغانلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ سلاۋيانغا ئەل بولۇپتۇ. ئۇ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىپتۇ ۋە ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ. شۇڭا ئۇلار يىغىلىپ نۇرغۇن ئادەم بوپتۇ. ئۇ بىر ئادەمنى باشجۇرتقا ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلاردىن نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ھەم نۇرغۇن ئەسىرگە ئىگە بوپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن پۇل توپلاپتۇ، پۇلنىڭ بىر قىسمىنى بۇلىغان، يەنە بىر قىسمىنى ئەسىرلەرنى قول قىلىپ سېتىشتىن تاپقانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا «قىرغىز» دەپ نام بېرىپتۇ. قىرغىزلارغا دائىر خەۋەرلەر سلاۋيانلارغا يېتىپ بارغاندا، سلاۋيانلاردىن نۇرغۇن كىشى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مال - مۈلكىنى ئېلىپ، قىرغىزلارغا ئەل بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئۆزئارا قوشۇلۇپ، كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشۇپتۇ. سلاۋيان قان سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قىرغىزلارنىڭ چىرايىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چېچى قىزىل، تېرىسى ئاق كېلىدۇ.

توققۇز ئوغۇزلار زېمىنىدىن قىرغىزلار يېرىگە

بارىدىغان يول بولسا، چىنانكەنتتىن خاسانغا، خاساندىن نوخبەككە بېرىپ، يايلاقتا 1 - 2 ئاي مېڭىپ، يەنە قۇملۇقتا 5 كۈن ماڭغاندىن كېيىن كەمىز ئارتقا كېلىمىز. كەمىزئارتتىن مەنبەكلۇغا بارغىچە تاغقا ياندىشىپ 2 كۈن ماڭغاندىن كېيىن ئورمانلىققا كىرىمىز. بۇ يەردە يايلاق، بۇلاق، ئۇۋلاقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مۇشۇبويىچە ئۇدۇل مېڭىپ كىشىلەر مەنبەكلۇ دەپ ئاتايدىغان تاغقا كېلىمىز. بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز بولۇپ، تاغدا بۇلغۇن، سۆسەر، بۆكەن، دەل - دەرەخ ۋە ئوۋ ھايۋانلىرى ناھايىتى كۆپ. تاغلاردا ئولتۇراقلىشىش ناھايىتى قولاي، مەنبەكلۇ تېغىدىن ئۆتۈپ كۆكمەنگە قاراپ ماڭىمىز. يول بويى چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان مارجان بۇلاقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق جايدا 4 كۈن ماڭغاندىن كېيىن، كۆكمەن تېغىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ مۇساپىدە تاغلار ئېگىز، يوللار ناھايىتى خەتەرلىك، كۆكمەن تېغىدىن قىرغىزلار زېمىنىگىچە 7 كۈن ماڭىمىز، بۇ جەرياندا چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە يايلاقلاردىن ئۆتىمىز، يول ياقىسىدا سۈزۈك بۇلاقلار ناھايىتى كۆپ، دەرەخلەر گىرەلىشىپ كەتكەن. مۇشۇنداق بولغاچقا دۈشمەنلەر ئۇ يەرگە ئىچكىرىلەپ كىرەلمەيدۇ. قىرغىزلار زېمىنىغا بارىدىغان يول گۈللۈك باغقا ئوخشايدۇ. قىرغىز قاغانىنىڭ ھەربىي بارگاھى مانا مۇشۇ يەردە، بۇ بارگاھ ئىنتايىن مۇھىم ۋە ياخشى ئورۇنغا جايلاشقان. 3 يول مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئۆتكەلنى ئېگىز تاغ ۋە قېلىن ئورمانلار قورشاپ تۇرىدۇ. بۇ 3 يولنىڭ بىرى جەنۇبقا سوزۇلۇپ توققۇز ئوغۇزلار زېمىنىغا بارىدۇ؛ يەنە بىرى غەربكە سوزۇلۇپ قىماق، قارلۇق زېمىنلىرىغا تۇتىشىدۇ. ئۈچىنچىسى يايلاققا تۇتىشىدۇ. بۇ يولدا 3 ئاي ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ قەبىلىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىمىز. بۇ يەردىمۇ ئىككى يول بولۇپ، بىرى يايلاقتىن ئۆتىدۇ، بۇ يول 3 ئايلىق كېلىدۇ؛ يەنە بىر يول سولغا بۇرۇلغان بولۇپ، 2 ئايلىق يولدۇر، ئەمما بۇ يولدا مېڭىش ئىنتايىن قىيىن، يول بويى ئورمانلىقلارنى، تاغ جىلغىلىرىدىكى تار يوللارنى بويلاپ مېڭىشقا، تاشلىقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، دەريا - ئېقىنلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، دائىم يامغۇر ياغىدۇ. كىمكى بۇ يولدا ماڭماقچى بولسا، يوتقان - كۆرپە ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى قويىدىغان نەرسە تەييارلىشى شەرت. چۈنكى يولنىڭ ھەممە يېرى سۇ بولۇپ، نەرسە - كېرەكلەرنى قويۇشقا ئامال بولماي قالىدۇ. بۇ سازلىقتىن ئۆتمەكچى بولسا، ئاتنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش كېرەك. بۇ سازلىقتا ياۋايى ئادەملەر ياشايدۇ، ئۇلار ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلمايدۇ، باشقا ئەللەرنىڭ تىلىنىمۇ ئۇقمايدۇ، ئۇلارنىڭ تىلىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇلار ئەڭ ياۋايى كىشىلەردۇر، ئۇلار دائىم يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ ياتىدۇ. ئۇلار بارلىق مال - دۇنياسىنى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىگە ئوراپ ساقلايدۇ. مۇبادا ئۇلارنى بۇ سازلىقتىن ئايرىۋېتىدىغان بولساق، بېلىق سۇدىن ئايرىلغاندەك ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياسى ياغاچتىن ياسالغان، كىيىمى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيدۇ. ئۇلار ئېتىقادى بويىچە باشقىلارنىڭ كىيىمى ۋە مال - مۈلكىگە چېقىلمايدۇ. جەڭ بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە مال - مۈلكىنى ئېلىپ جەڭگە كىرىدۇ. دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، دۈشمەننىڭ مال - مۈلكىگە چېقىلماي، ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قورال - ياراغ ۋە تۆمۈر قوراللىرىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىسىنى لازىم قىلمايدۇ. . . قىرغىز ئېلىدىن ئىپار، تېرە، ئارقار مۈڭگۈزى قاتارلىقلار چىقىدۇ. قىرغىزلار ھىندى دىنى مۇرتلىرىغا ئوخشاش ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ھەمدە: «ئوت ئەڭ پاك نەرسە، ئوتقا كىرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پاكلىنىدۇ، شۇڭا ئوت ئۆلۈكنى مەينەتچىلىك ۋە گۇناھلاردىن تازىلايدۇ» دەپ قارايدۇ. بەزى قىرغىزلار سىيىرگە چوقۇنىدۇ، بەزىلىرى شامالغا چوقۇنىدۇ، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىلەر كىرپىگە چوقۇنىدۇ، تۆتىنچى تۈركۈمدىكىلەر سېغىزخانغا چوقۇنىدۇ، بەشىنچى تۈركۈمدىكىلەر قارچۇغىغا چوقۇنىدۇ، ئالتىنچى تۈركۈمدىكىلەر چىرايلىق دەرەخلەرگە چوقۇنىدۇ. قىرغىزلارنىڭ ئىچىدە «قاغىنۇن» (؟) دېيىلىدىغان

بىر قىسىم كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ھەر يىلى بەلگىلىك بىر كۈندە ناخشىچىلار، چالغۇچىلار ۋە مەشرەپكە كىرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالغاچ كېلىدىكەن. بۇلار راسا كۆڭۈل ئېچىۋاتقان پەيتتە، قاغىنۇن ھۇشىدىن كېتىدىكەن، ئۇ شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن يېڭى بىر يىلدا بولىدىغان ئىشلارنى سورايدىكەن، ئۇ، بۇ يىلنىڭ مولچىلىق ياكى قەھەتچىلىك، ھۆل - يېغىنلىق ياكى قۇرغاقچىلىق بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدىكەن. ئۇلار بۇ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدىكەن.

تىبەتكە بارىدىغان يولغا كەلسەك، خوتەندىن ئالاشەنگە بارىمىز، بۇ يولدا خوتەن تاغلىرىنى بويلاپ ماڭىمىز. تاغ ئارىسىدا كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ توپ - توپ ئۆكۈز، قوشقار ۋە ئۆچكىلىرى بار. بۇ تاغنى بويلاپ ماڭساق ئالاشەنگە بارغىلى بولىدۇ. ئالدىمىزغا قاراپ ماڭساق بىر كۆۋرۈك ئۇچرايدۇ، بۇ كۆۋرۈك تاغنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كۆۋرۈكنى قەدىمكى خوتەنلىكلەر سالغانىكەن. بۇ كۆۋرۈك ئۇدۇل تىبەت قاغانىنىڭ ئوردىسىغا تۇتىشىدىكەن. بۇ كۆۋرۈككە يېقىنلاپ كەلگەنسېرى، نەپەس ئالغىلى بولمايدىكەن، گەپ قىلىشمۇ تەسلىشىدىكەن، نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ سەۋەبتىن ھاياتىدىن ئايرىلغانىكەن، تىبەتلەر بۇ تاغنى «زەھەرلىك تاغ» دەپ ئاتايدىكەن. مۇبادا قەشقەردىن يولغا چىقماقچى بولساق، ئۇ ھالدا ئوڭغا قاراپ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىن شەرققە قاراپ ماڭىمىز. تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دائىرىسى 40 پەرسەخ كېلىدىغان ئادىر تاغ رايونىغا كېلىمىز. رايوننىڭ يېرىمى تاغلىق، يېرىمى تۈزلەڭلىك ۋە زەرەتلىك[13]. قەشقەرنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن يېزا - قىشلاق بار. بۇرۇن بۇ يەرلەر تىبەت خانلىقىغا تەۋە ئىدى. قەشقەر رايونىدىن سارمىسان كەنتىگە، ئۇ يەردىن ئالىشۇرغا بارىمىز، قاقاسلىقنى بويلاپ كۇچا دەرياسى بويىغا كېلىمىز، دەريا كۇچا شەھىرىگە قاراپ ئاقىدۇ. بۇ دەريا قىرغىقىدىكى، قاقاسلىقتا خۇمخان (؟) كەنتى جايلاشقان، تىبەتلەر ئاشۇ كەنتتىن كېلىپ چىققان. دەريا ناھايىتى يىراق جايغا ئېقىپ بارىدۇ، بۇ دەريادىن قولۋاق بىلەن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ دەريادىن ئۆتسەكلا تىبەت زېمىنىغا كېلىمىز. تىبەت دۆلىتىدە ناھايىتى كاتتا بىر بۇتخانا بار، ئۇنىڭدا بۇتلار ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر بۇت گۆھەر سۇپىدا ئولتۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئادەم بېشىغا ئوخشايدىغان ياغاچ قويۇلغان بولۇپ، بۇت مۇشۇ ئادەم بېشىغا ئوخشايدىغان ياغاچقا يۆلەپ قويۇلغانىكەن. مۇبادا بۇتنىڭ دۈمبىسىنى سىلىسا، شۇ ھامان ئۇنىڭدىن ئوت يۈركۈلۈپ چىقىدىكەن. بۇ يەرنىڭ سول تەرىپى (غەرب تەرىپى) چۆللۈك ۋە قۇملۇق، ئۇ يەردىكى دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەر بار.

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى توققۇز ئوغۇز قاغان دېيىلىدۇ. قەدىمدە توققۇز ئوغۇز قاغانىنىڭ ئۇرۇقىدا كۈرتېگىن دېگەن بىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى چىنلىق ئىكەن، كۈرتېگىننىڭ ئىنىسى قاغان ئىكەن، ئانىسى ئەركىن ئادەم ئىكەن. ئىنىسى كۈرتېگىننى ئۆلتۈرمەك بولۇپ، ئۇنى بوغۇزلاپ، جەسەت تاشلايدىغان جايغا تاشلىۋېتىپتۇ. كۈرتېگىننىڭ بىر ئىنىك ئانىسى بولۇپ، ئۇ كۈرتېگىننى داۋالىتىش ئۈچۈن مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، دىناۋىرلارنىڭ[14] قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. دىناۋىرلار ئۇنىڭ جاراھىتىنى داۋالاپتۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. كېيىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى — ئازال شەھىرىگە كېلىپ، بۇ شەھەرگە مۆكۈنۋاپتۇ. خېلى بىر چاغلارغىچە [كۈرتېگىننىڭ دوستلىرى ئۇنى ئىنىسىدىن] يوشۇرۇپ قاپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار ئەھۋالنى توققۇز ئوغۇز قاغانغا ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپتۇ، شۇڭا ئۇ قېرىندىشىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە ئىجازەت قىلىپ، ئۇنى ئامان قالدۇرۇپتۇ. ئۇ، كۈرتېگىننى ئالدىدا تۇرغۇزماي پەنجىكەنت شەھىرىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەپتۇ. كۈرتېگىن ئۇ يەردە كۈچىنى زورايتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بوپتۇ. ئۇ خەلققە رەھىمدىل ۋە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، پەيت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئاخىرى ئۇ توققۇز ئوغۇز قاغانىنىڭ ئۇۋغا چىقىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپتۇ، كۈرتېگىن زور قوشۇن تەشكىل قىلىپ توققۇز ئوغۇز قاغانىغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جەڭ باشلىنىپتۇ، كۈرتېگىن قاغان قوشۇنىنى يېڭىپتۇ. توققۇز ئوغۇزقاغانى شەھىرىگە يېكىنىۋېلىپ، قۇۋۋىقنى تاقاپ قاتتىق مۇداپىئەگە ئۆتۈپتۇ. كۈرتېگىن سېپىلنى سۇغا باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، سېپىل ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. كۈرتېگىن ئەل بولغانلارغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىپتۇ. شەھەردىكى خەلق قورسىقى ئېچىپ ماغدۇرىدىن كەتكەچكە، ئۇنىڭدىن كەڭچىلىك قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كەچۇرۇمگە ئېرىشىپتۇ. قەلئەدە پەقەت توققۇز ئوغۇز قاغانىلا قاپتۇ. كۈرتېگىن ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى قەلئەگە ئەۋەتىپ، قاغاننى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، كۈرتېگىن قاغانىنىڭ تەختىنى ئىگىلەپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توققۇز ئوغۇز قاغانىنىڭ 1000 مۇھاپىزەتچىسى، 400 كېنىزىكى بار ئىكەن. 1000 مۇھاپىزەتچى ھەر كۈنى قاغاننىڭ 3 ۋاق تامىقىغا ھەمراھ بولىدىكەن، كۆڭلى قايسى تائاملارنى تارتسا، شۇ تائاملارنى ئېلىپ كىرىدىكەن، 3 ۋاق تامىقىدا هاراق ئۈزۈلمەيدىكەن، هاراق ئۈزۈمدىن ئېچىتىلىدىكەن. قاغان ناھايىتى ئاز ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا خەلق بىلەن كۆرۈشمەيدىكەن. ئۇ ئات مىنىپ سىرتقا چىققان ۋاقىتلاردا، يول ئۈستىدىكى ھەممە بەگلەر ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىدىكەن، قاغان تۇرغان جايدىن تاكى شەھەر ئەتراپىغىچە ئادەملەر تىزىلىپ تۇرىدىكەن، بۇ شەھەرنىڭ بەگلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ. . ⑮[قاغان] يۈيۈنۈپ سارايدىن چىققاندا ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ئاتنى يېتىلەپ كېلىدىكەن، ئات كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يۈكۈنۈپ تۇرىدىكەن. توققۇز ئوغۇز قاغانى دىناۋىرلارنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ شەھىرى ۋە دۆلىتىدە خرىستىيان مۇرتلىرى، زاروئاستىر مۇرتلىرى ۋە بۇددا مۇرتلىرى بار. ئۇنىڭ 9 ۋەزىرى بار، مۇبادا بىر ئادەم ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ پۇتىنى باغلاپ، قولىنى بويىنىغا باغلاپ، ھەر بىر پاقالچىقىغا 200 كالتەك، دۈمبىسىگە 100 كالتەك ئۇرۇپ، ئۇنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ سازايى قىلىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئىككى قولىقىنى، بىلىكىنى ۋە بۇرنىنى كېسىپ تاشلايدۇ. جاكارچى: «كۆپچىلىك ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار!» دەپ جاكارلايدۇ. . . . توققۇز ئوغۇز قاغانى سارايدا، پاكار ئۆيدە تۇرىدىكەن. [ئۆي ئىچىگە] گىلەم سېلىنغان، قورۇلۇشلارنىڭ سىرتىغا مۇسۇلمان توقۇلمىلىرى يېپىلغان، چىن كىمخاپلىرى گىلەم ئۈستىگە سېلىنىدىكەن. ئەمما پۇقرالارنىڭ ھەممىسى چېدىردا ئولتۇرىدىغان يايلاق خەلقلىرى ئىكەن. ئۇلارنىڭ قاغانىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى چىننىڭ كىمخاپ ۋە يىپەكلىرىدىن تىكىلىدىكەن، ئەمما پۇقرالارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يىپەك رەخت ۋە پاختا رەختتىن تىكىلىدىكەن. بۇ خىل كىيىملەر ناھايىتى كەڭ بولۇپ، پۇتۇن بەدەننى ئوراپ تۇرىدىكەن، يەڭلىرى كەڭ، پۇشقاقلىرى ئۇزۇن كېلىدىكەن. قاغان بېلىگە ئالتۇن (ياقۇت) كۆز چۈشۈرۈلگەن بەلۋاغ باغلايدىكەن، ئادەم كۆپرەك قاتناشقان يىغىلىشلارغا چىققاندا بېشىغا تاج كىيىدىكەن. ئات مىنىپ سىرتقا چىقسا، 1000 چەۋەنداز ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ چىقىدىكەن، چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسى دوبۇلغا، ساۋۇت كىيىدىكەن، جەڭلەردە ئۇزۇن نەيزە ئىشلىتىدىكەن.

ئۇلارنىڭ زېمىنىغا بارىدىغان يولغا كەلسەك، بارسغاندىن بىڭچۆل (؟) گە، ئۇ يەردىن كۈچاغا، كۈچادىن ئارالغا⑯، ئارالدىن سىيۇكەنت (ياكى سۇت كەنت) كە، ئۇ يەردىن مەكشەمىنگناسور (؟) غا بارىمىز. ئۇ يەردىن چىنەنكەنتكە بىر كۈنلۈك يول. چىنەنكەنت كۈچادىن كىچىك، 22 كەنت، بازىرى بار، يەر تۈزلۈشى تەكشى، قىشتا ھەمىشە قاتتىق سوغۇق بولىدۇ، ئەمما قار ناھايىتى ئاز ياغىدۇ. يازدا قاتتىق ئىسسىق بولغاچقا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى گەمە كولاپ گەمىگە كىرىۋالىدۇ، [يازنىڭ ئاخىرىدا] ئۇلار گەمىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى بەلۋاغ باغلاپ،

بىلىگە پىچاق، خەنجەر ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئېسىۋالىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمران [سارىيى] قوۋۇقىنىڭ ئەتراپىدا ھەر كۈنى 300 — 400 دەك دىناۋىر مۇرتلىرى يىغىلىپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا مانى دەستۇرى ئوقۇيدۇ، [كېيىن] ھۆكۈمرانغا قاراپ مېڭىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. چىنەنكەنتتىن كىرا (كرا) غا قاراپ ماڭساق توققۇز ئوغۇزلار زېمىنىگە كېلىمىز.

چىن — زېمىنى كەڭ دۆلەت، ئەگەر بىز ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا يازماقچى بولغىنىمىز تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ ئۇزۇن بولۇپ كېتىدۇ. توققۇز ئوغۇزلار زېمىنىدىن ئۇ يەرگە بارىدىغان يولنى بايان قىلساق، چىنەنكەنتتىن ئۆتۈپ قامۇلغا بېرىش كېرەك. چۆللۈكتىكى بەگشۇرا دېگەن جايدا بىر دەريا بار، بۇ يەردىن قېيىق بىلەن ئۆتسەك، 8 كۈندە قامۇلغا كېلىمىز. قامۇلدىن چىقىپ 7 كۈن مېڭىپ، بۇلاق ۋە يايلاقلىرى بار بىر دالىنى بېسىپ ئۆتسەك، چىننىڭ شاچۇ شەھىرىگە كېلىمىز، ئۇ يەردىن چىقىپ 3 كۈندە ساڭلاخ ⑰ قا كېلىمىز، يەنە 7 كۈن يۈرسەك شاجۇغا⑱ كېلىمىز، يەنە 3 كۈن يۈرسەك قامچۇ (گەنجۇ) غا كېلىمىز، يەنە 8 كۈن يۈرسەك كۇچاغا بارىمىز، يەنە 15 كۈن ماڭساق چاڭخې (ئۇزۇن دەريا) دەرياسىغا كېلىمىز، دەريادىن قېيىق بىلەن ئۆتىمىز. بەگشۇرادىن چىن پايتەختى خۇمدانغا بىر ئايلىق مۇساپىدۇر، بۇ يول نۇرغۇن سودا كارۋان ئۆتىڭى ۋە ئاھالىلەر رايونىدىن ئۆتىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىن ئىمپېرىيىسى دۇنيادىكى زېمىنى ئەڭ كەڭ ئىمپېرىيىلەرنىڭ بىرى ئىكەن. چىن بايلىقى مول، زېمىنى كەڭ دۆلەت بولغاچقا، ھەممە كىشى كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بۇ يەردىكى خەلق ئەر - ئايال دېمەي ھەممىسى تاۋاردىن كىيىم كىيىدۇ، ھەتتا يوقسۇللار بىلەن قۇللارمۇ تاۋاردىن كىيىم كىيىدۇ، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ يەڭلىرى كەڭ، پۇشقاقلىرى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردىكى كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە پېشايۋان يېپىلغان، كوچىغا ھەر كۈنى 3 ۋاق سۇ سېپىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سېپىلدا نۇرغۇن چوڭ قوۋۇقلار بار، قوۋۇقلار ياغاچتىن ياسالغان. . . چىنلىقلارنىڭ ئۆيىدە ھەرخىل بۇتلار بار، ئۆيلىرى كاھىشتىن ياسالغان، چىن پادىشاھىنىڭ ھەيۋەتلىك بىر قوشۇنى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئىش ھەققى ئالىدىغان 400 مىڭ ئادەم بار ئىكەن، ھەر 10 ئەسكەرگە بىردىن ئەمەلدار قويۇلغانىكەن. بارلىق چىنلىقلار چىۋەر، ئالىيجاناپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىك توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە ھەرخىل قاچا - قۇچا بۇيۇملىرى بار. چىندا نۇرغۇن خانلار ئۆتكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرى فەغفۇر⑲ دۇر، پەقەت شۇلا ئالتۇن يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن كىمخاپ تون كىيىدۇ، ئاق ئات مىنىدۇ، چىندا ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمدە ئۇنداق نەرسىلەر يوق. كىشىلەر پادىشاھنى يىلدا بىر قېتىملا يەنى ئۇ سىرتقا چىققاندىلا كۆرەلەيدۇ، ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئاتقا مىنىدۇ، بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پىيادە ماڭىدۇ. پادىشاھ ئاتا - ئەجداتلىرىنىڭ قەبرىسى يېنىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشۈپ قەبرە يېنىغا بارىدۇ. شۇ يەردە تاكى چۈشكىچە تۇرۇپ ئۆز سارىيىغا قايتىدۇ. ئۇنىڭ تەختى ئالدىغا سېرىق يەكتەك سېلىنغان بولىدۇ، باشقىلار ھېلىقى يەكتەكنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ. سازەندىلەر-پەقەت ئۇنىڭ دۆلىتىدىلا مۇشۇنداق سورۇنغا داخىل بولالايدۇ. پادىشاھ شۇ كۈنى بارلىق كىشىلەرگە مەنسىپىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي ئىنئام بېرىدۇ. ۋەزىر، ھاجىپ ۋە باشقا خانلىق ئەلچىلىرىدىن باشقا ھېچكىم پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرەلمەيدۇ. پادىشاھ يىلدا باشقىلارنى 7 قېتىم قوبۇل قىلىدۇ. سەركەردىلەر، شەھەر باشلىقلىرى مانا مۇشۇنداق چاغلاردا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ، ئۇلار پەقەت خەۋەرچى خەۋەر بەرگەندىن كېيىن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ. باشقا ئەللەردىن ئەلچى كەلگەن بولسا، چىن پادىشاھى فەغفۇر بەلگىلىگەن چاغدا پادىشاھ بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ چاغدا فەغفۇرنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىدە بىردىن ۋەزىر تۇرىدۇ. ئەلچى پادىشاھنى يىراقتىن كۆرۈپ، خۇددى نۇرلۇق قۇياشنى كۆرگەندەك يەردە تىز پۈكۈپ تازىم بەجا كەلتۈرىدۇ، تاكى ئىجازەت بېرىلمىگىچە بېشىنى

كۆتۈرۈشكە پېتىنالمايدۇ. كېيىن بىر ۋەزىر ياكى ھاجىپ كىرىپ ئەلچىدىن ھال - ئەھۋال سوراپ پادىشاھقا خەۋەر قىلىدۇ. پادىشاھ بىردىن كىمخاپ كۆرپە، ئالتۇن ۋە كۈمۈش جامنى ئەلچى تۇرغان سارايغا ئەكىرىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. ھەر كۈنى ئەلچى خان سارىيىغا چاقىرتىلىپ غىزالاندۇرۇلىدۇ. پادىشاھ كېنىزەكلەر بىلەن ئوينىماقچى بولسا، مۇنەججىم ئوردا ئۆگزىسىگە چىقىپ، يۇلتۇزلار ھەرىكىتىگە قاراپ، ياخشى ۋاقىت كەلگەندە پادىشاھقا خەۋەر قىلىدۇ، پادىشاھ شۇ بويىچە ئىش تۇتىدۇ. چىنىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى قۇرغاق كېلىدۇ. مۇبادا يامغۇر ياغمىسا ئاشلىقنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كېتىدۇ. ئاشلىق قىممەتلىگەن ۋاقىتتا، پادىشاھ بۇتخانىغا بېرىپ پۇتكۇل راھىبلارنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتىنى كىشەنلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە راھىبلارنى: «مۇبادا يەنە يامغۇر ياغمىسا، سەنلەرنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇلار تاكى يامغۇر ياغقىچە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. خان سارىيىدا 180 دىن ئارتۇق دۇمباق بولۇپ، كۈن ئولتۇراي دېگەندە بارلىق دۇمباقلار چېلىنىدۇ. كىشىلەر دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ، كۈن ئولتۇرغاندا بازاردا ھېچكىم قالمايدۇ. شۇ چاغدا مۇھاپىزەتچىلەر قوللىرىغا قىلىچلىرىنى ئېلىپ، بازار ۋە يوللارنى چارلايدۇ. سىرتتا بىرەر ئادەمنى بايقاپ قالسا، دەرھال كاللىسىنى ئالىدۇ ھەم دۇمبىسىگە چوك قىلىپ «پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنمىغۇچىلار مۇشۇنداق جازالىنىدۇ» دەپ يېزىپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتىدە جىنايەتچىلەرگە بىرخىللا جازا — ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، ئەمما ئادەم تىللىغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا، مۇبادا بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنى تىللاپ بوزەك قىلغان بولسا، بوزەك قىلغۇچىنى بىرقانچە كالتەك ئۇرۇپ قويۇپ بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدە يەنى چىنغا تەۋە جايدا، تېرىسى ۋە چېچى قىزىل ئىنسانلار ياشايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورەك ئىچىدە تۇرىدىكەن، كۈن پاتاي دېگەندە ئۇلار ئازگالدىن چىقىپ ئېتىز - داللارغا يۈرۈپ كېتىدىكەن.

ئۇ يەرگە بارىدىغان يولغا كەلسەك، قەشقەردىن پولغا چىقىپ پايىشقا (؟)، ئۇ يەردىن كىرمانغا، ئۇ يەردىن خاجمانغا (؟)، ئۇ يەردىن غازاغا (؟)؛ ئۇ يەردىن يۇتچىغا (؟)؛ ئاندىن خوجكەنتكە (؟)، ئاندىن كىدبلۇرغا، ئاندىن رانكۇيبەندكە؛ ئاندىن تادروفقا، ئاندىن رەستەگە بارىمىز؛ خوتەن رايونىغا كىرىدىغان تۇنجى كەنت رەستەدىن ئۆتسەك خوتەنگە كېلىمىز. يارا دەرياسى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ، ئاندىن سېمىۇ بەم (؟) كەنتىگە بارىمىز، ئاندىن بىر مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا كىرىمىز، ئاندىن ئالدىمىزغا قاراپ ماڭساق، چىندىن ئېقىپ كىرگەن بىر دەريا بار، ئۇ يەردىن ئۆتسەك خوتەن شەھىرىگە كىرىمىز. خوتەندىن كەي شەھىرىگە 15 كۈنلۈك يول؛ كەي — چىن چېگرىسىدىكى بىر شەھەر، ئەمما توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋە شەھەردۇر. خوتەن شەھىرىدە نۇرغۇن بۇت ۋە نۇرغۇنلىغان... ⑳ بار، ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ شەھەردە ئىككى خرىستىئان چېركاۋى بار، بىرى شەھەر ئىچىدە، يەنە بىرى شەھەر ئەتراپىدا. بازاردا بوزۇق ۋە شاللاق ئاياللار ناھايىتى كۆپ، بارلىق ئەر - ئاياللار پېشانىسىگىچە چاچ قويىدۇ، ئۇلار ئەرەبلەرگە ئوخشاش كىيىم - كېچەك كىيىدۇ. ئۇ يەردە مېۋە - چېۋە بەك كۆپ، بۇغداي، ئارپا، كاۋا، كۈنجۈت، ئۈجمە ۋە ئەنجۈر ئۆستۈرۈلىدۇ. يىپەك ناھايىتى تولا، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يىپەك كىيىم كىيىدۇ. ئۈجمە ناھايىتى كۆپ، بەزى ئادەملەرنىڭ 2000 تۈپتىن ئارتۇق ئۈجمىسى بار. ئۈزۈم ۋە سورتى ئوخشاشمىغان نەشپۈتلەرمۇ تولا. ئۇلارنىڭ دەرياسىدىن قاشتېشى چىقىدۇ. خوتەن رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە تۈگمەن بار، ھەممە تۈگمەندە ئاستىنقى تاش چۆگىلەيدۇ، ئۈستىدىكى چۆگىلمەي جىم تۇرىدۇ. تۈگمەندە يىپەكتىن ياسالغان ئەلگەك بار، ئۇ سۇ كۈچى بىلەن تاسقىلىدۇ، ئۇن ئاستىغا چۈشسە، كېپىكى ئۈستىدە قالىدۇ. ئۇلاردا يەنە باداسىياپ㉑ دەيدىغان ئالاھىدە بىر ئەسۋاپ بار. كىشىلەر ئاشلىقنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ پاكىزلايدۇ، ئۇ نەرسە بىلەن ئاشلىقنىڭ ئەخلىتى بىرياققا، دېنى بىر ياققا ئايرىلىدۇ. باداسىياپمۇ سۇ بىلەن چۆگىلىتىلىدۇ. ئۇلاردا يەنە بىر خىل ئەسۋاپ

بار، ئۇ چامغۇر ۋە كاۋا توغراشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەسۋاپ يۇمىلاق سوغىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا مەزمۇت بىر كالتەك، ئۈستىگە تاش باغلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كالتەككە سىپىر قىلىنسا، سۇ ئۇنى ئايلاندۇرىدۇ.

چىگىل ۋە تۈركەشلەرنىڭ زېمىنىغا بارىدىغان يولغا كەلسەك، نېۋېكەتتىن پەنجىكەتكە بارىمىز، پەنجىكەنت بېگىنىڭ ئىسمى كۆلباقار (؟) ئىكەن. بۇ شەھەردە 8000 ئەسكەر بار ئىكەن. پەنجىكەتنىڭ يېنىدا زىيكەنت (؟) بار بولۇپ، بۇنىڭمۇ ئۆز بېگى بار ئىكەن. بۇ كەنتنىڭ سول تەرىپىدە يەنە 3 كەنت بولۇپ، بۇلار زىيكەنت بىلەن سۇياپ كەنتى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن. سۇياپ شەھىرىنىڭ بېگى يابغۇنىڭ قېرىندىشى ئىكەن. ئۇ يابغۇنىڭ ㉒ (؟) ۋەكىلى بىلەن بۇ كەنتكە بىرلىكتە [ھۆكۈمرانلىق] قىلىدىكەن، 500 چەۋەندازى بار ئىكەن. بۇ كەنت تاغدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن. باشقا بىر كەنتنىڭ ئىسمى قۇتقىيال㉓ (؟) ئىكەن. ئالدىدا بايان قىلىنغان كەنت بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر پەرسەخ كېلىدىكەن، 5000 ئەسكىرى بار ئىكەن، بېگىنىڭ ئىسمى بەگلىلا (؟) بولۇپ، تۆركەش قەبىلىسىدىن ئىكەن، يايلاقتا تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۈچىنچى كەنتنىڭ نامى دالۇگەنج (؟) بولۇپ، كىچىكرەك كەنت ئىكەن، تەخمىنەن 300 ئەسكىرى بار ئىكەن، تاغقا ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن، تۈركلەر مۇشۇ تاغقا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىدىكەن، ئۇلار دائىم: «بۇ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ جايى» دەپ قەسەم بېرىشىدىكەن. ئاللاھ! بىزنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى ئىشتىشىمىزدىن ساقلىغايسەن! مۇشۇ داۋاندىن ئۆتسەكلا، تۈركەشلەرنىڭ دۆلىتى سول تەرەپتە، دەل توخسىلار بىلەن... ㉔. ئۇ يەردە بىر قىشلاق بار بولۇپ، 1000 ئەسكىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر قىشلاق بار بولۇپ، نامى بەگلىك (؟) ئىكەن، يابغۇنىڭ قېرىندىشى مۇشۇ قىشلاقتا تۇرىدىكەن، 500 چەۋەندازى بار ئىكەن. مۇبادا ئۇ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ قالسا، قىشلاق ئەتراپىدىكى 3000 چەۋەنداز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقىدىكەن. قىشلاق بېگىنىڭ ئىسمى بادان سەنگۇ ئىكەن، ئۇ مۇشۇ يەرلىك كىشى بولۇپ، 7000 ئەسكىرى بار ئىكەن. ئۇ داۋاننىڭ㉕ يېنىدا بىر دەريا بولۇپ، بۇ دەريادىن ئۆتسەكلا چىگىل تۈركلىرىنىڭ زېمىنىغا كېلىمىز، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىك چېدىرلىرى بار ئىكەن.

بىزدىكى تۈركلەرگە ئائىت بۇ مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى جەيھانىينىڭ «يوللار ۋە ئەللەر» دېگەن ئەسىرىدىن، بىر قىسمى «تەۋەددۇد دۇنيا» دېگەن ئەسىرىدىن، يەنە بىر قىسمى ئەبەيدۇللاھ بىننى خۇردادبېھنىڭ ئەسىرىدىن، بىر قىسمى باشقا مەنبەلەردىن ئېلىنغان. بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەبىلىلەردىن باشقا قەبىلىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاپتورنىڭ نېمىشقا بۇنداق يازغانلىقى بىزگە قاراڭغۇ.

ئىزاھاتلار:

① نەفىسى «دۇنيانىڭ تۆت تەرىپى» بىلەن «تەۋەددۇد دۇنيا» ناملىق ئەسەر ئىبن مۇقەففانىڭ بىر ئەسىرىنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى، دەپ قارايدۇ.

② بۇ بەلكىم ئەرەبچە ئايرىلماق، ۋاز كەچمەك دېگەن مەنىدىكى «ترك» سۆزىنىڭ يىلتىزى بولۇشى مۇمكىن.

③ بۇ سۆزنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

④ مىنورىسكي «نىلقاز» دەپ ئوقۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «ھودۇدۇل ئالەم» مىنورىسكي تەرجىمىسى 304 - بەت 3 - ئىزاھ

⑤ رادلوفنىڭ پىكرىچە بۇ يەردە تۈرك تىلىدىكى «ئەر تۇش» («ھەي ئادەم ئاتتىن چۈش» دېگەن مەنىدە) دېگەن جۈملە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑥ ئەلۋەتتە، «تۇتۇق» دېگەن سۆزنىڭ بۇنداق مەنىسى يوق. ئۇ تۈركلەرنىڭ بىر خىل ئەمەل نامى، «تۇت» دېگەن سۆز تومۇرىدىن كەلگەن. بۇنى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «ئەل تۇتماق» دېگەن سۆز بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. دەرۋەقە بۇ يەردە

نەقىل ئېلىنغان رىۋايەت «تۇتۇق» دېگەن بۇ ئەمەل نامىنى فولكلورلۇقئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

⑦ ئەسلى تېكىستتىكى مەنىسى «يېڭى شەھەر» (دېھىنەۋ)، ئىبن ھەۋكەلنىڭ كىتابى، 393 - بەت

⑧ ئەسلى تېكىستتە بۇ ئورۇنغا خاتا چۈشەنچە بېرىلگەن.

⑨ «مەن» ياكى «پاتمان» ئېغىرلىق بىرلىكى بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردا چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ھازىر تۈركمەنلەردە بىر مەن 2 پۇتقا توغرا كېلىدۇ.

⑩ ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىكى «سۈڭۈگ باتىمى قار» دېگەنگە سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ.

⑪ بەلكىم بۇلار ۋىزانتىيە تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن ئەكتاغ بولۇشى مۇمكىن.

⑫ ۋىزانتىيە تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى ئېفتالىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

⑬ بۇ يەر ئەسلى تېكىستتە خاتا بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مىنورسكي «تۇزلەڭلىك ۋە قاقاس تاغ» دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. «ھودۇدۇل ئالەم»، مىنورسكي تەرجىمىسى 225 - بەت.

⑭ مانى دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ بىرى، ئاساسەن ماۋەرا ئۇننەھىر رايونىغا تارقالغان. خلوگىر «مانى» 818 - بەت

⑮ بۇ يەردە ئېنىقسىزلىق بار.

⑯ بەلكىم راۋېرتىنىڭ (جۇرجانىينىڭ ئەسىرى، راۋېرت تەرجىمىسى 2 - باب 961 - بەت) كىتابىدا ئارال دەپ ئوقۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ھازىر شىنجاڭدا يەنە بىر ئارال دېگەن يەر بار، ئەمما ئۇ كۇچانىڭ غەربىدە.

⑰ پارسچە سۆز، «سايلىق» دېگەن مەنىدە.

⑱ مىنورسكي سۇجۇ دەپ ئوقۇيدۇ. «ھودۇدۇل ئالەم» مىنورسكي تەرجىمىسى 232 - بەت.

⑲ جۇڭگو پادىشاھىنىڭ پارسچە ئاتىلىشى.

⑳ بۇ سۆز تازا چۈشىنىكسىز.

㉑ بۇ سۆز پارسچە، ئۇيغۇرچە مەنىسى - شامالدۇرغۇچ.

㉒ مىنورسكي «ئۇ بەگ يابغۇنىڭ ئىنىسى ئىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ زېمىنى تۈركەشلەرنىڭ ئىكەن» دەپ تەرجىمە قىلغان. «ھودۇدۇل ئالەم» مىنورسكي تەرجىمىسى 303 - بەت.

㉓ قوپالمۇ دېيىلىدۇ، بارتولدنىڭ «تۈركىستاندىكى خرىستىيان دىنى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ، 15 - بەت («بارتولد ئەسەرلىرى» 2 - جىلد 2 - قىسىم 281 - بەت)

㉔ بۇ ئىسىمنى بىلگىلى بولمايدۇ. كېيىن بارتولد بۇ ئىسىمنى «ئاشيۇ» دەپ ئوقۇپ، بۇنى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاز (ئاس) دېگەن خەلق بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان. بارتولد: «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» 15 - بەت، «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 - جىلد 1 - قىسىم 36 - بەت.

㊼ كاستىك داۋىنىنى كۆرسىتەمدۇ قانداق؟!

خەنزۇچە «غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 4 - سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم
تەرجىمە تەھرىرلىرى: ئەخمەت روزى توغرۇل، ئابلىز ئورخۇن

## تۈزىتىش

ھۆرمەتلىك كىتابخان: ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998 - يىللىق 3 - سان 24 - بەت تۆۋەندىن 9 - قۇردىكى «... 1335 - ھىجرىيە يىلى ...» دېگەننى «... 1355 - ھىجرىيە يىلى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

# روسىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ قىسقىچە تارىخى

## ( XIX ۋە XX ئەسىرلەرگە دائىر قىسقىچە بايان)

نەبىجان تۇرسۇن

### 1. روسىيە شەرقشۇناسلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئۇيغۇرشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرقشۇناسلىق ئىلمى غەربىي ياۋروپادا XVIII ئەسىردە شەكىللەنگەن بولسا، XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە، دانىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. چۈنكى بۇ مەزگىلدە غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئەتلىرىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاسىيا دۆلەتلىرى يەنى شەرق دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋەتلەر، جۈملىدىن ئىقتىسادىي ۋە تاشقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەھمىيەت بەردى.

روسىيىدە شەرقشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ۋە مەنبەگە ئىگە بولۇپ، رۇسلار (سلاۋيانلار) نىڭ ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ستراتېگىيىلىك، گېئولوپولىتىك بەلۋاغقا جايلاشقانلىق ئەۋزەللىكى شۇنىڭدەك بۇنىڭغا مۇناسىپ سلاۋيان قەبىلىلىرىنىڭ يىراق قەدىمكى ۋاقىتلار، يەنى كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا مىلادىيىدىن 3000 يىللار ئىلگىركى ئافاناسىيېۋ، ئاندرونوپ (مىلادىيىدىن ئىلگىركى XVI - XVIII ئەسىرلەر) مەدەنىيىتى تىپى ۋە ئانتروپولوگىيە تىپىغا مۇناسىۋەتلىك ياۋرو - ئاسىيا قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈشى ۋە مىلادىيە I ئەسىردىكى ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ، VI - VII ئەسىرلەردىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە سىلجىشى بىلەن شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكى ۋە كاۋكازىيە رايونىدا سلاۋيان ۋە فىن - ئۇگۇر قەبىلىلىرى بىلەن تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ چوڭ ئارىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بۇ قەبىلىلەرنىڭ بولۇپمۇ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شۇنداقلا مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، بولۇپمۇ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن سلاۋيان قەبىلىرى بىلەن تۈركىي قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ راۋاجلاندى.

XV ئەسىردە رۇسلار بارا - بارا كۈچىيىپ، سلاۋيان كىنەزلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئاساسىدا تىكلەنگەن موسكۋا دۆلىتى شەرقىي ياروپا تۈزلەڭلىكىدىكى مۇستەھكەم، قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى موسكۋا دۆلىتى ئوسمان ئىمپېرىيىسى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1947 - يىلى سۇلتان يىلدىرىم بايازىد I رۇس ئەلچىسى مىخائىل پىلشىېفنى قوبۇل قىلدى. 1532 - يىلى ھىندىستاندىكى موغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى.

بولۇپمۇ ئىۋان گىروزنى تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، شەرققە قارىتا كۈچلۈك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، 1552 - يىلى قازان خانلىقىنى ئىشغال قىلدى. 1556 - يىلى ئاستىراخان خانلىقىنى ئىشغال قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز ۋە ئىران بىلەن بولىدىغان سودا ئالاقە يولىنى ئاچتى. 1559 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تۇنجى تۈركۈمدىكى

ئەلچىلەر موسكۋا دۆلىتىگە كەلدى. ئىۋان گىروزنى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك پىلانىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن شەرق خەلقلىرى ۋە شەرق زېمىنلىرى توغرىسىدا ئۇچۇر، چۈشەنچىلەرنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىش بىلەن بىرگە سودىگەر، ئەلچى ۋە ئاخباراتچىلارنى كۆپلەپ شەرققە ماڭدۇردى. ئىۋان گىروزنى ئاساس سالغان بۇ تاجاۋۇزچىلىق XVII ئەسىرگە كەلگەندە پۈتۈن سىبىرىيە، يىراق شەرق زېمىنلىرىگە كېڭىيىپ، موسكۋا دۆلىتى بىلەن جۇڭگونى بىۋاسىتە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دېمەك، XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە موسكۋا دۆلىتى كېڭىيىپ ۋە كۈچىيىپ ئاخىرى روسىيە ئىمپېرىيىسى بولۇپ شەكىللەندى. 1721 - يىلى پېتر I رۇس تارىخىدىكى ئەڭ دانا ۋە مۇستەبىت، شۇنداقلا ئىسلاھاتچى ئىمپېراتور بولۇش سۈپىتى بىلەن روس ئىمپېرىيىسىدە سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، رۇس ئىمپېرىيىسىنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزدى ۋە كېڭەيتتى. پېتر I ئۆزىنىڭ ياۋروپا، ئاسىياغا سوزۇلغان زور ئىمپېرىيىسىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئىلىم - پەن ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قاراپ، 1725 - يىلى پېتربورگدا پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇردى. بۇنىڭ تەركىبىدە كۇتۇپخانا قاتارلىق ئورۇنلارنى تەسىس قىلدى. شۇنداقلا چەت ئەللەردىن ئالىملارنى تەكلىپ قىلدى. بۇ ئالىملار ئىچىدە شەرقشۇناسلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار روسىيە شەرقشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مەلۇم رول ئوينىدى.

XVII ئەسىردە روسىيە شەرقشۇناسلىقى ئاساسەن، موسكۋا، پېتربورگ، قازان قاتارلىق 3 شەھەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن باشقا يەنە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى (1755- يىلى)، ۋىلنو ئۇنىۋېرسىتېتى (1809 - يىلى)، قازان ئۇنىۋېرسىتېتى (1804 - يىلى)، خاركوف ئۇنىۋېرسىتېتى (1805 - يىلى) پېتربورگ ئۇنىۋېرسىتېتى (1819 - يىلى)، كىيېف ئۇنىۋېرسىتېتى (1834 - يىلى)، شۇنداقلا 1815 - يىلى موسكۋادا قۇرۇلغان لازارېف شەرق تىللىرى ئىنىستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر شەرقشۇناسلىقنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىم ئىلمىي ئوچاقلار ھېسابلىناتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قازان ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن پېتربورگ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىقنىڭ جۈملىدىن شەرقشۇناسلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە يەنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتا روسىيە شەرقشۇناسلىقى ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شەرقشۇناسلىق ئىلمى تارىخ، تىلشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، پۇلشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە ۋە باشقا پەنلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا، شۇ تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كونكرېت، سىستېمىلاشقان رەسمىي پەن بولۇپ شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرقشۇناسلىقنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق، مانجۇشۇناسلىق، تىبەتشۇناسلىق قاتارلىق تارماق ساھەلىرىمۇ شەكىللەندى ۋە راۋاجلاندى①.

ئومۇمەن روسىيە شەرقشۇناسلىق ئىلمى ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك 3 مەنبەدىن كەلگەن.

1. تاشقى سىياسەت ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى مىسسىئونېرلارنىڭ پائالىيىتى تەشكىل قىلغان.

2. روسىيە ئىمپېرىيىسىگە تەۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەكتەپلىرى يەنى ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىدىغان فېئوداللىق دىنىي مەكتەپلىرى.

3. غەربىي ياۋروپا شەرقشۇناسلىقى يەنى غەربىي ياۋروپا شەرقشۇناسلىرىنىڭ روسىيىگە تەكلىپ

قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى②.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا روسىيە شەرقشۇناسلىقى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 3 مەنبەنى ئاساس قىلغان ھالدا، يەنە پېتربورگدا تەسىس قىلىنغان روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاسىيا مۇزېيى، پېتربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق فاكۇلتېتى، روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى يېنىدىكى ئاسىيا ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى، روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى ئارخېئولوگىيە كومىسسىيىسى قاتارلىق ئورگانلارنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى، قاتنىشىشى بىلەن تېخىمۇ راۋاجلاندى. بولۇپمۇ بۇ ئورگانلار ئىچىدە روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى مەركىزىي ئاسىياغا قارىتا كۆپ قېتىملاپ قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئۇيۇشتۇردى، نەتىجىدە ئېتنوگرافىيىلىك، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە باي يازما يادىكارلىقلار توپلىنىپ روسىيىدە مەركىزىي ئاسىيا توغرىسىدىكى چوڭ ماتېرىياللار فوندىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا شەرت ھازىرلاندى.

روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتىدىن باشقا يەنە 1903 - يىلى تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلغۇچى رۇس كومىتېتى ھەر قايسى ئەل شەرقشۇناسلىرىنى تەشكىللەش، ئېكسپېدىتسىيىگە ئۇيۇشتۇرۇش، ماتېرىيال توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش شۇنداقلا تەتقىقات پىلانى تۈزۈش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى قىلدى. رۇس كومىتېتىنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى روسىيە شەرقشۇناسلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەرقشۇناسلىق بۈگۈنكى شەرقشۇناسلىقتا «كلاسسىك شەرقشۇناسلىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

XIX ئەسىردىكى روسىيە شەرقشۇناسلىقىنىڭ مول نەتىجىلىرىدىن بىرى قەدىمكى تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىش، ئوقۇلۇش ۋە تەتقىق قىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. روسىيە ئالىملىرىدىن ۋ. رادلوف، د. ن. كلېمېنتس، ن. م. يادرىنسېف قاتارلىقلار بۇ ساھەدە زور تۆھپە قوشتى.

XIX ئەسىردىكى روسىيە شەرقشۇناسلىقىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس، خەنزۇشۇناس ئالىملار جۈملىدىن ساياھەتچى، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر بىردەك شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە تارىخىي تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ھەم كۆپ ئەمگەك سىڭدۇرۇپ ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 2. غەربىي ياۋروپا ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ تەسىرى

XVIII ئەسىردە غەربىي ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، شەرقشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان خەنزۇشۇناسلىقمۇ خېلى تەرەققىي قىلدى. خەنزۇ تىلى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلغان بىر قاتار ئالىملار قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىپ، ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا يېڭى بۆسۈش پەيدا قىلدى. قىسقىسى، قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىدىكى ۋەسىقىلەر ئوقۇلۇش ھەمدە تەتقىق قىلىنىشتىن ئىلگىرى غەرب ئالىملىرى مەركىزىي ئاسىيانى تەتقىق قىلغاندا ئاساسەن دېگۈدەك قەدىمكى خەنزۇ مەنبەلىرىگە تايىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا فرانسۇز ئالىمى ژ. دېگىن دەل مەزكۇر ئۇسۇلدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تۇنجى زور ئىلمىي ئەمگەكنى مەيدانغا چىقارغان ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ 1756 — 1758 - يىللىرى پارىژدا نەشر قىلىنغان ۋە كېيىنچە نېمىسچە قايتا نەشر قىلىنغان «ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە غەربىي تاتارلارنىڭ ئەيسا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخى» ناملىق 5 توملۇق ئەمگىكى ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدىكى مەركىزىي ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى تۇنجى زور ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. ئالىمنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدە جۇڭگو مەنبەلىرى بويىچە

مەركىزىي ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئىكەنلىكى مەسىلىسى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قاتارلىق دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر دۆلەتلىرى تارىخى توغرىسىدىمۇ ئۆزىگە خاس نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئالىم بولۇپمۇ ھۇنلارنىڭ تۈركىي خەلق ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە يەنە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئېتنىك تەركىبى شۇنداقلا دۆلەتنى قۇرغۇچى ۋە دۆلەت ھاكىمىيەت سىستېمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا تۇنجى قېتىم مەزكۇر ھاكىمىيەتنى قۇرغۇچى ۋە يادرولۇق ئاساس - ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ژ. دېگىندىن كېيىن ئۇ باشلاپ بەرگەن تارىخشۇناسلىق مېتودى بويىچە فرانسۇز خەنزۇشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان مەشھۇر ئالىم ئا. رېمۇسات (1788 ـ 1832) خەنزۇ تارىخنامىلىرىغا ئاساسەن، خوتەننىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅱ ئەسىردىن تارتىپ مىلادىيە X Ⅶ ئەسىرگىچە بولغان تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تىل مەسىلىسى قاتارلىق مۇھىم تېمىلار ئۈستىدىمۇ بىر مۇنچە ئىلمىي ئەمگەكلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

ئا. رېمۇسات بىلەن زامانداش يەنە بىر فرانسىيىلىك مەشھۇر شەرقشۇناس ھەم ئۇيغۇرشۇناس يۇلىئۇس كلاپروت (1783 ـ 1835) شەرقىي ۋە مەركىزىي ئاسىيا ھەمدە شىنجاڭ تارىخى، شىنجاڭدىكى تىللار جۈملىدىن مەزكۇر رايون جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىنى تېخىمۇ بېيىتتى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك قىسمى شۇكى ئالىم تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «ئۇيغۇرتىل - يېزىقى توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرنى يازدى. فرانسۇز تارىخشۇناسى س. ژيۇلىن (1799 ـ 1873) ژ. دېگىندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تارىخى بولۇپمۇ تۈرك خانلىقى ۋە ئىدىقۇت خانلىقى ئۈستىدە خەنزۇ مەنبەلىرى بويىچە مەخسۇس توختالغان ئالىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىم ئۆزىنىڭ «تۈركلەرگە ئائىت تارىخىي ھۆججەتلەر» ناملىق ئەمگىكىدە Ⅵ - X ئەسىرلەرگىچە بولغان جەرياندىكى تۈركىي قەبىلىلەر جۈملىدىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارنى توپلاپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە يەنە ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ۋاڭ يەندېنىڭ ساياھەتنامىسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەلۇماتلارنى ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. فرانسىيىلىك مەشھۇر ئالىم ئە. شاۋان (1865 ـ 1918) بۇ ساھەگە زور تۆھپە قوشقان ئالىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خەنزۇ مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «غەربىي تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنى يېزىپ، تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈردى. شاۋاننىڭ ئوقۇغۇچىسى مەشھۇر ئالىم پېللىئوت (1878 ـ 1945) شىنجاڭ تارىخى جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئالەمشۇمۇل تۆھپە يارىتىپ مەزكۇر ساھە تەتقىقاتىنى تېخىمۇ بېيىتتى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ بېشىدا ئەنگلىيىدە شەرقشۇناسلىق، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ج. دىگگا (1815 ـ 1895)، ج. ئۇگايلى (1815 ـ 1887)، س. بېيلى (1825 ـ 1889) قاتارلىق ئالىملار ۋەكىللىك رول ئوينىدى. ئۇنىڭدىن باشقا نېمىس ئالىمى فرىدرىخ ھېرت (1845 ـ 1927) قاتارلىق ئالىملارنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك.

ۋاھالەنكى، شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت تەتقىقاتتا ئەڭ زور ۋە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەر XIX ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ مەيدانغا كەلدى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە

ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچى، ساياھەتچى، ئالىملار شىنجاڭدا كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭ جۇملىدىن ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك، ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىياللار، يازما يادىكارلىقلارنى ۋە سەنئەت ماتېرىياللىرىنى توپلاپ ئېلىپ كەتتى.

گرۈنۋېدىل بىلەن لېكوك ئۇيۇشتۇرغان 4 قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيىدىلا 30 مىڭ پارچە قولىيازما، ھۆججەت ۋە پارچىلار ئېلىپ كېتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىلەرلا 8000 پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئاۋرېل ستېيىن، پېللىئوت، باۋۋېر قاتارلىقلارمۇ نۇرغۇن ماتېرىيالنى ئېلىپ كەتكەن. مانا مۇشۇ ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا توپلانغان مول يازما ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ياۋروپا شەرقشۇناسلىقىدا شىنجاڭ جۇملىدىن ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا مەركىزىي ئاسىيا جۇملىدىن شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بۈيۈك رۇس ئالىمى ۋ. بارتولد بىلەن زاماندىشى مەشھۇر نېمىس ئالىمى ماركۇئات (1869 ـ 1930) ئەرەب ـ پارس مەنبەلىرى ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسەن قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى، ئۇيغۇر تارىخىنى ۋە توققۇز ئوغۇز مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ بىر قانچە ئەسەر يازدى. ماركۇئات بىلەن بىرگە نېمىس ئالىمى ۋ. باڭ، ئا. ھېرمان قەدىمكى رىم ۋە يۇنان جۇغراپىيونلىرىنىڭ مەلۇماتى ۋە جۇڭگو مەنبەلىرى بويىچە شىنجاڭنىڭ مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر قانچە ئەسىرلىك تارىخى توغرىسىدا ئىزدەندى.

يۇقىرىقى بىر قاتار ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى ۋاقىتتا رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇلىئۇس كلاپروت، ژىيۇلىن، پېللىئوت، شاۋان قاتارلىق غەربىي ياۋروپا ئالىملىرى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىقىغا سايلىنىپ، رۇس ئالىملىرى بىلەن بىرگە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات مېتودى ۋە تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى رۇس شەرقشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەندى.

## 3. روسىيىدە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىلىرى

روسىيىدە شەرقشۇناسلىق پېنىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتمۇ شەرقشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە شەكىللەندى. روسىيىدە تۇنجى بولۇپ روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان ئاكادېمىكى يۇلىئۇس كلاپروت ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ۋە تىلى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئالىم 1812 ـ يىلى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ شەمەي شەھرىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، تۇرپاندىن كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلارنىڭ تىلىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە يەنە جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەلۇماتلارنى ئۆگىنىپ «ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقتۇر» دېگەن مۇتلەق ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدى. چۈنكى بۇ چاغدىكى ياۋروپا ئۇيغۇرشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى تالاشتىكى مەسىلە ئىدى. يۇلىئۇس كلاپروتنىڭ مەزكۇر ھۆكۈمىنى چۇۋاش مىللىتىدىن بولغان شەرقشۇناس ئالىم ن. بىچۇرىن رەت قىلدى.

بىچۇرىن (1777 — 1853) روسىيە شەرقشۇناسلىقىدا تۇنجى بولۇپ خەنزۇ مەنبەلىرىگە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە ئىزدىنىپ «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» قاتارلىق مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان «خۇيخې»، «خۇيخۇ» دەپ ئاتالغان خەلقنىڭ دەل ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئالىم ئۇيغۇرلار (خۇيخۇ) ئېتنىك مەنبە جەھەتتىن موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويىدى③.

بىچۈرىن جۇڭگوغا دىن تارقاتقۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن كېلىپ، خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن ھەمدە جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەركىزىي ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيە توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى توپلاپ 3 توملۇق «ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرگە ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» (1851 - يىلى) ناملىق مەشھۇر ئەمگىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «موڭغۇلىيە خاتىرىلىرى» (1818 - يىلى، سانكت پېتربورگ)، «جۇڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇماتلار» (1829 - يىلى)، «تىبەت ۋە كۆكنورنىڭ تارىخى» (1833 - يىلى، سانكت پېتربورگ)، «ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ تارىخى» (1851 - يىلى، سانكت پېتربورگ) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئالىم مەزكۇر ئەسەرلىرىدە خەنزۇچە مەنبەلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ۋە يېقىنقى زامان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى تەپسىلىي يورۇتۇش بىلەن بىرگە دۇنيا شەرقشۇناسلىق ئىلمىدا بىرىنچى بولۇپ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەر ۋە يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت خەنزۇچە مەلۇماتلارنى توپلاپ ئۇنى ئىزاھلاش، تەرجىمە قىلىش، توغرا چۈشەندۈرۈش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تارىخشۇناسلىققا زور تۆھپە قوشتى. ئۇ بۇ ئەمگەكلىرى ئارقىلىق XVIII ئەسىردىكى مەشھۇر ئالىم دېگىندىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي ياۋروپا ۋە روسىيە ئالىملىرى شىنجاڭ ۋە مەركىزىي ئاسىيا مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا بىچۈرىننىڭ بۇ ئەمگىكىگە مۇراجىئەت قىلىپ كەلگەن.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ل. دۇمان بىچۈرىنغا يۇقىرى باھا بېرىپ «بىچۈرىن يازغان ئەمگەكنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇكى، ئەمگەك سەۋىيە جەھەتتە ئۆز دەۋرىدە ئالاھىدە بولۇپلا قالماي، يەنە ئىلگىرىكىلەرنىڭكىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن»④ دەپ ھۆكۈم چىقارغانىدى.

بىچۈرىننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنى يەنە بىر مەشھۇر ئالىم، تۈركشۇناس، ئىرانشۇناس م. ئا. كازىمبېك (1802 - 1870) رەت قىلدى: ئۇ شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر تارىخىنى خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركىيچە مەنبەلەر ئاساسىدا تەتقىق قىلغان ئالىم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (1841 - يىلى) تا «خۇيخۇ» دەل ئۇيغۇرلاردۇر. «ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى تۈركىي خەلق» ⑤دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. كازىمبېكنىڭ پىكرىنى مەشھۇر جۇڭگوشۇناس ھەم تارىخشۇناس ۋ. پ. ۋاسىلىيېف قۇۋۋەتلىدى ھەمدە «جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئۇچرايدىغان ‹خۇيخې›، ‹خۇيخۇ› ئاتالغۇسى بىلەن تۈركىي تىلدىكى ‹ئۇيغۇر› ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولۇپ، ‹خۇيخې› ئاتالغۇسى ‹ئۇيغۇر› ئاتالغۇسىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ئەمەس بەلكى تۈركىي تىلدىكى ئەسلى مەنىسىنىڭ يەنى ‹بىرلەشمەك› مەنىسىنىڭ تەرجىمىسىدۇر»⑥ دەپ خۇلاسە چىقاردى. ئا. كازىمبېك بىلەن ۋ. ۋسىلىيېفنىڭ بۇ پىكرىنى مەشھۇر ئالىم ۋ. ۋ. رادلوف قوللىدى.

ۋ. ۋ. رادلوف ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا» (1893 - يىلى) ناملىق ئەسىرىدە «ئۇيغۇر تۈركىيچە سۆز بولۇپ، ھەممىگە مەلۇم بولغان ئەشۇ يېپىشقاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»⑦ دەپ خۇلاسە چىقىرىش بىلەن يەنە «ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىسىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمدىن بېرى يىراق غەربكىچە تارقالغان، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە، ناھايىتى كەڭ تارقالغان تۈركىي خەلق»⑧ دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلغان.

ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ۋ. ۋ. گرىگورىيېف (1816 - 1881) روسىيە شەرقشۇناسلىقىدا تۇنجى قېتىم شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى ھېسابلانغان «شەرقىي تۈركىستان ياكى جۇڭگو تۈركىستانى» (1873 - يىلى) ناملىق

نوپۇزلۇق ئەمگىكىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئالىم مەزكۇر ئەمگەكتە قەدىمكى يۇنان، رىم، جۇڭگو شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب، پارس ھەمدە تۈرك مەنبەلىرى بويىچە شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ تاكى XIX ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق يورۇتتى.

ئەسەر زور ئىلمىيلىكى بىلەن تا ھازىرغا قەدەر پايدىلىنىش ماتېرىياللىق قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. ئەينى ۋاقىتتا «شەرق تارىخشۇناسلىقىنىڭ پىرى» ھېسابلانغان مەشھۇر ئالىم ۋ. ۋ. بارتولد بۇ ئەسەرنى «ياۋروپا تىللىرىدىكى شىنجاڭغا ئائىت ئەمگەكلەرنىڭ ئىچىدە توپلانغان مەنبەلەرنىڭ تولۇقلىقى ۋە توغرىلىقى جەھەتتە بۇ كىتابقا يېتىدىغان بىرمۇ ئەسەر يوق»⑨ دەپ يۇقىرى باھالىغانىدى.

گرىگورىيېفنىڭ زور ئۇتۇقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئەرەب، پارس مەنبەلىرى بويىچە قاراخانىيلار خانلىقىنى خېلى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان ھەمدە تۇنجى بولۇپ «قاراخانىيلار خانلىقى» دېگەن بۇ سىياسىي ئاتالغۇنى شەرقشۇناسلىق ئىلمىگە ئېلىپ كىرگەن. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئېتنىك تەركىبى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى يادرولۇق ئۇرۇق، دۆلەت تەشكىلاتى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن. يۇقىرىقىلاردىن سىرت ئالىم يەنە پارسچە، تۈركىيچە مەنبەلەرگە ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى ئۈستىدىمۇ ئەتراپلىق توختالغان. ئالىم يەنە شىنجاڭنىڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىنىڭ ئېتنىك تەركىبى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئىكەنلىكى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ توختالغانىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا روسىيە ئۇيغۇرشۇناسلىقى ئەڭ يېڭى نەتىجىلەر بىلەن خاراكتېرلەندى. مەشھۇر تۈركشۇناس ھەم ئۇيغۇرشۇناس ۋ. ۋ. رادلوف (1837 ـ 1918) «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا» (1893 ـ يىل)، «ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرى»، «ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ناملىرى» (1891 ـ يىل)، «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەشھۇر ئالىم م. پوزدنېيېفنىڭ «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى» (1898 ـ يىلى) ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى. ھازىر بۇ ئەمگەك روسىيە شەرقشۇناسلىقىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت تۇنجى مەخسۇس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. يەنە بۇ مەزگىلدە ئارىستوفنىڭ «تۈركىي قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئېتنىك قاتلىمى توغرىسىدا چۈشەنچە ۋە ئۇلارنىڭ سانى توغرىسىدا مەلۇماتلار»، گرۇم گرژىمايلونىڭ «ئاق تاغنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاق تەنلىك خەلقلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى.

مەشھۇر شەرقشۇناس بارتولدنىڭ «ئورخۇن يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا يېڭى تەتقىقاتلار»، «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» (1900 ـ يىلى) ۋە مەشھۇر جۇڭگوشۇناس بېرتشنەيدېرنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئەمگەكلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

### 4. رۇس ساياھەتچى ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى

XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە مەركىزىي ئاسىياغا كېڭىيىشى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ بېرىتانىيىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا جۈملىدىن، ھىندىستان، ئافغانىستان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان سىياسىتىگە زىتلىشىپ قېلىشى بىلەن شىنجاڭ رايونى بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۆزىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا دىپلوماتىيىسىدە نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرسەتتى. ئەينى ۋاقىتتا روسىيە، ئەنگلىيە ۋە مەنچىڭ ئىمپېرىيىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي مەنپەئەتى بىۋاستە شىنجاڭ رايونىدا توقۇنۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش قىسقىسى، بۇ رايوننى ئۆز خەرىتىلىرىگە

كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشتەك خەلقئارا ۋەزىيەت شەكىللەندى.

ياقۇپبەگنىڭ «يەتتە شەھەر دۆلىتى» نىڭ ئۆزلىرى بىلەن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كۆرسەتكەن سىياسىي تەسىرى ۋە بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىتتىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي باغلىنىشى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەنگلىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق تەرەپلەر روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

رۇسلارنىڭ شىنجاڭغا ساياھىتى ۋە ئېكسپېدىتسىيىسى ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، رۇسلاردىن تۇنجى قېتىم XVI ئەسىردە رۇس پادىشاھى ئىۋان گروزنىنىڭ جۇڭغوغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدىن ئىۋان پېترووف، بۇرناش يامىشېف قاتارلىقلار كەلگەن. كېيىن 1774 - يىلى روسىيە ئوفىتسېرى ف. يېفرېموف قىرغىزلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ، بۇخارا ئارقىلىق قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ بۇ يەر ئارقىلىق ھىندىستانغا كەتكەن ۋە شۇ يەر ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتىپ، «يېفرېموفنىڭ كۆرگەنلىرى» ناملىق كىتابنى يازغان، بۇنىڭدا قەشقەرىيە توغرىسىدا قىممەتلىك، مول ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن دانىيېل ئاتانوسوف تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. XIX ئەسىرنىڭ بېشىدا گرۇزىن مىللىتىدىن بولغان ر. دانىگاشۋىل جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ ماتېرىيال توپلىغانىدى. XIX ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا روسىيىنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە مۇناسىۋىتىنىڭ ئېھتىياجى تېخىمۇ روشەنلەشتى. چۈنكى «ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قازاقىستاندا ئۆزىگە يېڭى يەرلەرنى قارىتىۋېلىش بىلەن بەنت بولۇۋاتقان روسىيە بۇ رايوندا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە بىپەرۋا قارىيالمىدى. چۈنكى، روسىيە ھۆكۈمىتى ئۇچۇن ئۇيغۇر، خۇيزۇلارنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ تەسىرى خەۋپلىك ئىدى⑩. بولۇپمۇ ياقۇپبەگنىڭ بۈيۈك بىرىتانىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى روسىيىنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىپ قويدى. نەتىجىدە روسىيە بۇ رايونغا باشتىن - ئاخىر سوغۇققان مۇئامىلە قىلىشقا ھەمدە كۈچلۈك دىپلوماتىك يول بىلەن بۇ رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش، پەيتى كەلگەندە بىراقلا ئىشغال قىلىش ۋە ياكى مەزكۇر رايوندا مۇستەقىل بىرەر ھاكىمىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە قەتئىي يول قويماسلىق قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1876 - يىلى ئاۋغۇستتا لوندون ھاكىمىيەتنى ياقۇپبەگنىڭ قولىدا قالدۇرۇشقا ھەم شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدا ئۆز مۇداپىئەسىنى ساقلاپ قېلىشقا ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئەنگلىيە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە رۇس ھاكىمىيىتىگە يەتتە شەھەرنىڭ ‹مۇستەقىللىقى› نى ئىناۋەتكە ئېلىشنى تەكلىپ قىلغان. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىنمىغاندىن كېيىن يەنە پېتربورگقا يەتتە شەھەرنى ‹بىتەرەپ دۆلەت› دەپ تونۇش تەكلىپىنى بەردى. بىراق، بۇ تەكلىپمۇ قوبۇل قىلىنمىدى»⑪.

مانا مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭ ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا روسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئىقتىساد ۋە ھەربىي ئىشلار مەھكىمىلىرى، شۇنداقلا رۇس سانائەتچىلىرىنىڭ ھەرخىل تەشكىلاتلىرى قاتناشتى.

ئەمما بۇ تەتقىقاتتا روسىيە ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسى بىلەن روسىيە جۇغراپىيە تەتقىقات جەمئىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ زور نەتىجە قازاندى.

قازاق ئالىمى چوقان ۋەلىخانوف 1858 - 1859 - يىللىرى قەشقەرگە سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئېتنوگرافىيىسى ھەمدە شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مول ماتېرىيال توپلىغان. ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى روسىيە شەرقشۇناسلىقىدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا شەرقشۇناسلىق تارىخىدىمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە، چوقان ۋەلىخانوفنىڭ تەتقىقات ماتېرىياللىرى ھەمدە ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللىرى

كېيىن بىر قانچە قېتىم نەشر قىلىندى. 1867 - يىلى روسىيە مەركىزىي قوماندانلىق شتابى كاپىتان رېينتالنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. 1870 - يىلى مەركىزىي قوماندانلىق شتابىنىڭ كاپىتانى كولبارس قەشقەرگە كەلدى. 1876 - يىلى ن. كۇروپاتكىن شىنجاڭغا كېلىپ قەشقەرىيە توغرىسىدا سىستېمىلىق ماتېرىيالغا ئېرىشىپ، «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. كۇروپاتكىن بۇ كىتابى شەرىپىگە روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئالتۇن مېدال بىلەن تەقدىرلەندى. رۇس تەتقىقاتچى، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئىچىدە مەشھۇر بوتانىك، جۇغراپىيىشۇناس ن. م. پىرژېۋالىسكىنىڭ نامى ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ مەركىزىي ئاسىياغا 1867 - 1869 -، 1876 - 1877، 1883 - 1885 - يىللىرى 4 قېتىم تەكشۈرۈشكە كېلىپ «غۇلجىدىن تەڭرىتاغنىڭ ئۇ تەرىپىگىچە ۋە لوپنۇرغىچە» ۋە «ساياھەت خاتىرىلىرى» (1876 - يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. پىرژېۋالىسكى بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئا. سوسنوۋسكى باشچىلىقىدىكى ۋراچ پ. يا. پياسېسكى، توپوگراپ ئە. لى. ماتۇسوۋسكى قاتارلىق 3 رۇس ساياھەتچىسى قۇمۇل رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك، ئېتنوگرافىيىلىك ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1876 - 1877 - يىللىرى گ. ن. پوتانىن موڭغۇلىيە ساياھىتىدە قۇمۇلدىن ئۆتۈپ، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ فولكور ماتېرىياللىرىنى توپلىغان.

1885 - يىلى روسىيە مەركىزىي قوماندانلىق شتابىنىڭ كاپىتانى گالكىن قەشقەرگە كېلىپ مەخسۇس تۇردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي ئەھۋالى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلىدى. 1885 - ۋە 1891 - يىلى پ. ل. گرومبېچېۋسكى شىنجاڭدا تەكشۈرۈشتە بولۇپ «ئوتتۇرا ئاسىيا ساياھىتى» ناملىق 3 توملۇق كىتاب يازدى. بۇ كىتاب ئۇ زات ئۆلگەندىن كېيىن پولشادا پولەك تىلىدا نەشر قىلىندى.

بۇ يەردە يەنە بىر رۇس ساياھەتچىسى، جۇغراپىيون، تارىخشۇناس گرۇم گرژىمايلونى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. ئۇ 1886 -، 1889 - 1890 - يىللىرى شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ شىنجاڭنىڭ تارىخ، ئېتنوگرافىيە ۋە جۇغراپىيىسىگە ئائىت مول ماتېرىيال توپلىدى. ئۇ «غەربىي جۇڭگوغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئا. ن. كراسنوف (1886 - يىلى)، م. ئا. پېۋسوف (1876 - ۋە 1889 - يىللىرى)، ۋ. ئى. روبروۋسكى، ن. ف. بوگاياۋالېنسكى، د. ئا. كلېمېنتس، ۋ. ۋ. رادلوف، س. يې. مالوف، ف. ئولدېنبورگ (1909 - 1910-، 1914 - 1915 - يىللىرى) قاتارلىق شەرقشۇناس ئالىملار شىنجاڭغا كېلىپ قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشتى. بۇلار ئىچىدە گرۇم گرژىمايلو، س. يې. مالوف، ۋ. ۋ. رادلوف، س. ف. ئولدېنبورگ، ن. ف. پېترو-ۋسكى قاتارلىق ئالىملار توپلىغان ماتېرىياللار ئاساسىدا مەخسۇس تۇردە تىلشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، تارىخ مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئىچىدە كلېمېنتس تۇرپان رايونىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ تۇنجى قېتىم تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى توغرىسىدا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ئوبزور ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىغىمۇ ئاساس سالدى. ئومۇمەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە زور مىقداردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ۋە باشقا تىللاردىكى يازما يادىكارلىقلار توپلاندى، بىر قىسىم يېزىقلار ئوقۇپ چىقىلىپ مەركىزىي ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تارىخى ئۈستىدىكى تونۇشتا يېڭى بۆسۈش خاراكتېرلىك نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئورنىغا يۇقىرى باھا بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك يەرلىك خەلق ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

رۇس ئالىملىرىنىڭ ئېكىسپېدىتسىيە جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، توپلىغان مول ماتېرىياللىرى بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى دەۋر تارىخىنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنى چۈشىنىشىمىزدە قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

## 5. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى تەتقىقاتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئۆزگەرتىلىپ يەنە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە شەرقتىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە شەرق مەسىلىلىرى بويىچە تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى. مەسىلەن: ئاكادېمىك س. ف. ئولدېنبورگ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تاجىكىستان شۆبىسىگە مەسئۇل بولدى. مەشھۇر ئالىم بېرتېلىس (1890 ـ 1957) تارىخ، فىلولوگىيە بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. مەشھۇر تۈركولوگ ئا. ن. سامويلوۋىچ (1880 ـ 1938) قازاقىستان ئىلمىي تەتقىقات شۆبىسىگە مەسئۇل بولۇپ تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1936 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارار چىقىرىپ س س س ر خەلقلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۆزبېك، تۈركمەن، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى كۆپلەپ نەشر قىلىشنى تەكىتلىگەندىن كېيىن، شەرق خەلقلىرى تارىخ تەتقىقاتى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئومۇمەن، 1920 ـ 1940 ـ يىللاردا بىر ئەۋلاد يېشقەدەم شەرقشۇناسلاردىن ۋ. ۋ. بارتولد، ن. يې. مـ ئولدېنبورگ، ب. ي. ۋلادىمىرسوف، س. ـ مالوف، ن. بېرنشتام، ئا. ن. سامويلوۋ ئى. ئە. بېرتېلىس، ئا. يۇ. ياكۇبوۋسك كىسېلېف قاتارلىق ئالىملار مەركىزىي ئاسىيا تۈرك خەلقلىرىنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا ئاس سېلىش بىلەن بىرگە بىر ئەۋلاد يېڭى ئالىملار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

1930 ـ يىللاردا ئۇيغۇرشۇناسلىق ساھەس مەشھۇر ئالىم س. يې. مالوف ئالاھىدە خىزم كۆرسەتتى. ئىلگىرى ـ كېيىن 4 قېتىم شىنجا ۋە گەنسۇدىكى سالار، سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسد تەكشۈرۈشكە كېلىپ تىل، ئېتنوگرافىيە، ئېغ ئەدەبىياتىغا ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغ ۋە شۇ ئاساستا «سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىك شامانىزم قالدۇقلىرى» (1914 ـ يىلى) «ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملى ساياھەتتىن خۇلاسە» (1914 ـ يىلى)، «سېر ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى» (1914 ـ يىلى)، «ئىكك پارچە ئۇيغۇرچە ھۆججەت» (1927 ـ يىلى) قاتارل ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق نوپۇزلۇ ئىلمىي تەتقىقات مېۋىلىرى 50 ـ يىللاردا ئېلا قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردىن «قەدىمكى تۈرك ياز يادىكارلىقلىرى» (1951 ـ يىلى)، «لوپنۇر تىلى (1956 ـ يىلى) ۋە باشقا كۆپلىگەن ئەسەرلەرن كۆرسىتىش مۇمكىن. 30 ـ 40 ـ يىللاردا مالوفنىا ئوقۇغۇچىسى ئا. ن. بېرنشتام تۈرك ـ ئۇيغۇ تارىخى تەتقىقاتى بويىچە تالانتلىق ئارخېئولوگ تارىخشۇناس سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. ئۇ قىسقىغى ھاياتىدا «ھۇن تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» (1951 يىلى)، «VIII ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ ئۇرۇقداشلىق قۇرۇلمىسى» (1934 ـ يىلى)، « VI ـ VIII ئەسىرلەردىكى تۈركلەردە دۆلەت ۋە سىنىپلارنىڭ شەكىللىنىشى» (1936 ـ يىلى)، « VI ـ VIII ئەسىرلەردىكى ئورخۇن ـ يەنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى» (1946 ـ يىلى)، «رۇنىك يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر» (1978 ـ يىلى)، «ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار قېنىدىكى

قەدىمكى تۈرك ئېلىپبەلىرى» (1947 - يىلى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» (1951 - يىلى) ناملىق كىتابلارنى، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى، نوپۇزلۇق كىتاب ۋە ماقالىلەرنى يازدى.

ئا.ن. بېرنىشتام ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تارقىلىشى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئىكەنلىكى، قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغۇچى ئاھالىنىڭ ئېتنىك تەركىبى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» مۇئەللىپلىرىنىڭ مىللىي تەۋەلىك مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس مۇلاھىزە يۈرگۈزدى.

بىچۇرىن، پوزدنېيېف، بېرنىشتاملارنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغانىدى. بېرنىشتام قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىنى مەشھۇر ئالىم تىخونوف قوللىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «X - XVI ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى» (1966 - يىلى) ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار خەنزۇچە مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان چېدى (تۇرا) لارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى⑫.

ئەرەب، پارس مەنبەلىرى بويىچە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى بولۇپمۇ ئىدىقۇت خانلىقى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان مەشھۇر ئالىم ياكۇبوۋسكى ئۆزىنىڭ «IX - X ئەسىرلەردىكى ئىدىقۇت خانلىقىغا ئائىت ئەرەب، پاس مەنبەلىرى» (1947 - يىلى) ناملىق ئەمگىكىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ زور بىر قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا بالدۇر ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا كىردى ھەم ھەممىدىن بۇرۇن شامانىزم بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، ئالدى بىلەن مانى دىنىنى، كېيىن بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر يېزىق يارىتىپ جۇڭگو بىلەن ماۋەرا ئۇننەھىر ئارىسىدىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلققە ئايلاندى»⑬ دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

ئۇيغۇرشۇناسلىقتا ياندىش ئەسىرلەردىن يەنە مەشھۇر ئارخېئولوگ كىسىلېفنىڭ چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەمگىكى «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» (1951 - يىلى) ۋە باشقا ئىلمىي ماقالىلىرى، مەشھۇر ئالىم ئىنوستىرانسېفنىڭ «ھۇنىنۇ ۋە ھۇنلار» (1929 - يىلى)، ن. ل. گۇمىلىيېفنىڭ «ھۇنلار» (1960 - يىلى)، «IV ئەسىردىكى ئېفتالىتلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى» (1959 - يىلى) «قەدىمكى تۈركلەر» (1967 - يىلى)، «دېڭىلىك مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»؛ ل. ر. كىزلاسوفنىڭ «تۇۋانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى» (1964 - يىلى) قاتارلىق ئەسەر ۋە ماقالىلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ب. ئا. لىتۋىنسكى ۋە س. گ. ئىسھاقوف قاتارلىق ئالىملارمۇ مەزكۇر مەسىلە توغرىسىدا تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

60 - 70 - يىللاردىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتى ناھايىتى سىستېمىلىشىش ۋە مەخسۇسلىشىش يولىغا كىردى. ئالىملار ئۇيغۇر تارىخىنى مەخسۇس دەۋرلەر بويىچە سىستېمىلىق تۈردە تەتقىق قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، تارىخىي ئەھۋالى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرى ھەققىدە ن. ل. گۇمىلىيېف، س. گ. كلياشتورنىي، ل. ر. كىزلاسوف، ئابلەت كامالوف، داۋۇت ئىسىيېف، سۇپرونېنكو ۋە باشقىلار تەتقىقات ئېلىپ باردى. مەسىلەن: مەشھۇر ئالىم تۈركشۇناس، گۇمىلىيېفنىڭ چوڭ ھەجىملىك «قەدىمكى تۈركلەر» ناملىق ئەسىرى، «ياۋروپا - ئاسىيا تارىخىنىڭ رىتىمى»؛ «كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق كىتابلىرى، مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس مالىياۋكىننىڭ «تاڭ تارىخنامىلىرى»، «تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەتنىڭ قەشقەرىيە ئۈچۈن بولغان كۈرەشلىرى»، «IX - XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» ناملىق كىتابلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى، ئۇيغۇر ئالىمى ئابلەت كامالوفنىڭ «ئۇيغۇر قاغانلىقى» ناملىق كىتابى، مەشھۇر تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس كلياشتورنىينىڭ «قازاقىستاننىڭ ئۈچ مىڭ يىلى»، «قەدىمكى

تۈزۈك - رۇنىك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى رولى» ناملىق ئەسەرلىرى، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، «تەس مەڭگۈ تېشى» توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئاتاقلىق ئالىم د. ۋاسىلىيېفنىڭ «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ يىزىق فوندى»، «ياۋروپا - ئاسىيا رايونىدىكى قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ توپلىمى» قاتارلىق كىتابلىرىنى، تىلشۇناس ئالىملاردىن د. ناسىلوف، ۋاينىشتېين، زوتوف، تېنىشېۋ، باسكاكوف، تۇگۇشېۋالار بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن ئەزىز ناربىنايېفنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، م. روزىيېفنىڭ «قايتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

داۋىدوۋىچ، فېدوروف، كارايېف، ئەمىر نەجىپ، ئىۋانوف، كونونوف، باسكاكوف قاتارلىق ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ تىلى، شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقى توغرىسىدا د. ئىسىيېف، مالىيافكىن، تۇگۇشېۋا، تىخونوف، قادىربايېف، ئا. كېبىروف قاتارلىق ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ باردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى يەنى چاغاتاي خانلىقى، سەئىدىيە خانلىقى توغرىسىدا مەخمۇت قۇتلۇق، ئىۋانوف، ئاكىمۇشكىن، زوتوف، يۇدىن، بېرتېلس قاتارلىق ئالىملار مەخسۇس ئىزدەندى، بۇنىڭغا مىسال ئۈچۈن مەشھۇر ئالىم يۇدىننىڭ «موغۇلىستاندىكى موغۇللارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈلمىسى ۋە ئۇلارنىڭ قازاق ۋە باشقا قوشنا خەلقلەر بىلەن بولغان ئېتنىك مۇناسىتى» (1965 - يىلى)، بېرتېلسنىڭ «پارس - تاجىك ئەدەبىيات تارىخى» (1960 - يىلى)، «نەۋائىي» (1948 - يىلى) ناملىق كىتاب ۋە ماقالىلىرى، مۇگىنوفنىڭ «ئاسىيا خەلقلىرى مۇزېيىدىكى ئۇيغۇرچە قول يازمىلار»، مەخمۇت قۇتلۇقنىڭ «موغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ» ۋە «سەئىدىيە خاندانلىقى» قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئەڭ مۇھىم تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ دەۋرگە ئائىت تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن خوجايوفنىڭ «چىڭ ئىمپېرىيىسى ۋە شىنجاڭ» ناملىق كىتابى، گۇرېۋىچنىڭ «VIII - IX ئەسىرلەردىكى مەركىزىي ئاسىيادىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر»، كولېسنىكوف بىلەن كىلياشتورنىنىڭ «رۇس سەيياھلىرىنىڭ نەزەرىدىكى شىنجاڭ»، دۇماننىڭ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ XVIII ئەسىردە شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن دېھقانچىلىق سىياسىتى»، دوبروۋسكايانىڭ «زوزۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭنى ئىشغال قىلىشتىكى سىياسەتلىرى» يەنە د. ئىسىيېفنىڭ «يەتتە شەھەر دۆلىتى»، چېۋرىنىڭ «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرى»، مالىك كەبىروفنىڭ «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۆزگىچە ئىلمىي سەۋىيىگە ۋە تەتقىقات مېتودىغا ئىگىدۇر.

1980 - يىللاردىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى بىرلىشىپ تۈزگەن نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن 3 توملۇق زور ھەجىملىك كىتاب «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ» (1988 - 1990 - يىللىرى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1991 - يىلى)؛ «مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ تارىخى» (1985 - يىلى)، «شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا»، «شىنجاڭنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخى» قاتارلىق كىتابلار نەشر قىلىنىپ ئاز كەم ئىككى ئەسىرلىك روسىيە ئۇيغۇرشۇناسلىقىدىن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالىملارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر تىلى ۋە ياكى باشقا بىر تۈركىي تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن. تەتقىقات مېتودى جەھەتتە، مەنبەشۇناسلىق پرىنسىپىنى يېتەكچى قىلغان ئاساستا

ئۇيغۇر تارىخىنى توغرا، ئەتراپلىق، ئىلمىي يورۇتۇشقا تىرىشقان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى تەتقىق قىلىۋاتقان مەزكۇر تېما ئۈستىدە ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ نەتىجىلىرى، كۆز قاراشلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ۋە پايدىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە باشقا دۆلەت ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى زۆرۈر دەپ قاراپ تېمىنىڭ ماتېرىيال ئاساسىنى كۈچەيتكەن.

دېمەك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات مېۋىلىرى، تەتقىقات مېتودى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى تەتقىقاتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئىزاھاتلار:

① ن. ن. نەزىرووۋا: «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بولغان ۋەتەن شەرقشۇناسلىقى مەسىلىسىدە مەركىزىي ئاسىيا»، «موسكۋا 1992 - يىل، 3 - بەت.

② «ۋەتەن شەرقشۇناسلىقىنىڭ تارىخى»، موسكۋا، 1990 - يىل، 7 - بەت.

③ ن. يا. بىچۇرىن: «ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرگە ئائىت مەنبەلەر توپلىمى»، موسكۋا - لېنىنگراد، 1950 - يىل، 2 - توم، 249 - 251 - بەتلەر.

④ ل. دۇمان: «بىچۇرىننىڭ ‹ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرگە ئائىت مەنبەلەر توپلىمى› توغرىسىدا»، (بىچۇرىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)، موسكۋا، 2 - توم، 6 - بەت.

⑤ ئا. كازىمبېك: «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات»، سانكىت پېتربورگ، 1841 - يىل، 31 - بەت.

⑥ ۋ. پ. ۋاسىلىيېفنىڭ بۇ پىكرى پوزدنيېفنىڭ «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى» (سانكىت پېتربورگ، 1899 - يىل) ناملىق كىتابىنىڭ 50 - بېتىدە قەيت قىلىنغان.

⑦ ⑧ ۋ. ۋ. رادلوف: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا»، سانكىت پېتربورگ، 1893 - يىل، 46 -، 19 - 20 - بەتلەر.

⑨ بارتولد: «ۋ. پ. ۋاسىلىيېفنىڭ تارىخ، جۇغراپىيىگە ئائىت ئەسەرلىرى»، «بارتولد ئەسەرلىرى»، موسكۋا 1977 - يىل، 9 - توم 461 - 462- بەتلەر.

⑩ ⑪ داۋۇت ئىسسىيېف: «يەتتە شەھەر ئۇيغۇر دۆلىتى»، ئالمۇتا 1990 - يىل، 74 - بەت، ئۇيغۇرچە نەشرى

⑫د. تىخونوف: «X — XIV ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى»، موسكۋا 1966 - يىل، 22 - بەت.

⑬ئا. يۇ. ياكۇبوۋسكى «IX - X ئەسىرلەر ئىدىقۇت خانلىقىغا ئائىت ئەرەب، پارس مەنبەلىرى»، «دۆلەتلىك ئەرمىتاژنىڭ شەرق سەنئىتى ۋە تارىخ، مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى»، لېنىنگراد، 4 - توم، 1947 - يىل، 423 -، 424 - بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى

داۋۇت سايىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

خوتەن ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي بوستانلىق، ئۇ تارىختا ئېلىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىش، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

VI - ئەسىردە خوتەن بوستانلىقى غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ خانلىق - بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرىسى شەرقتە لوپنۇر ئويمانلىقىدىن جەنۇبتا تۇبۇتلەرگىچە، غەربىي جەنۇبتا كۆكئارت (پامىر) تاغلىرىدىن غەربىي شىمالدا سۇلى (قەشقەر) غىچە بولغان جايلارغىچە سوزۇلغان، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئون نەچچە ئايماق بار ئىدى. تۇرلۇك ئىرق ۋە تىل سىستېمىسىغا تەۋە مىللەت ۋە قەبىلىلەردىن ساك، ھۇن، توخرى، ئېفتالىت، تۈرك، تۇبۇت قاتارلىقلار بار ئىدى.

خوتەن بوستانلىقىدا ياشىغان ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئىرقى، مىللەت تەۋەلىكى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ھازىرغىچە بىرەر ئورتاق ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلمىدى.

تارىخنامىلەردە بولۇپمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II - ئەسىردىن مىلادىيە IX - ئەسىرگىچە بولغان خەنزۇچە مەنبەلەردە خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى يەر - جاي، قەبىلە ناملىرى توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىنمىغاچقا، بىرمۇنچە ئېنىقسىزلىقلار كېلىپ چىققان. شۇنداقلا غەربىي يۇرت تەۋەسىدە ياشىغۇچى قەدىمكى مىللەت ياكى قەبىلىلەر پەرقلەندۇرۇلمەي ياكى مىللەت تەۋەلىكى ئېنىق ئايرىلماي «غۇزلار» ( 胡人 ) ياكى ئۇنىڭغا غەرب مەنىسىدىكى ( 西 ) خېتى قوشۇلۇپ «غەربىي غۇزلار» ( 西胡人 ) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II - ئەسىردىن مىلادىيە X - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردە غەربىي غۇزلار كۆكئارت (پامىر) نىڭ غەربىدە ياشىغۇچى ساك، توخرى (كۇشان)، سوغدى، ئارساك، ئېفتالىت ۋە رىملىقلاردىن ئىبارەت نۇرغۇن قەبىلە، مىللەت ۋە كۆكئارتنىڭ شەرقىدە ياشاپ ئۆتكەن ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتەتتى. دېمەك، كۆكئارت تېغىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدە ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق ھەم ساك، توخرى قان سىستېمىسى ئارىلاشقان قەبىلىلەرنىمۇ «غەربىي غۇزلار» دەپ ئاتاپ كەلگەن. مەسىلەن: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 - جىلد ئۇدۇن بابىدا: بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئورا كۆز ھەم قاڭشارلىق كېلىدىغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان.

XVIII - ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX - ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەن بوستانلىقىدا تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان غەرب ئالىملىرىنىڭ تاپقان يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ ساھەگە دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس

سالدى.

تۆۋەندە خوتەن بوستانلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن مىللەتلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**ساكلار** ساكلار قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشىغۇچى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىلى ئائىلىسىگە تەۋە تىلدا سۆزلىشىدىغان كۆچمە چارۋىچى قەبىلە ئىدى. ئۇلار ئەرەب، پارس ۋە ھىندىستان مەنبەلىرىدە «سىكىفلار»، «سارماتلار» (Sarmatians)، «ساكائېلار» ياكى «ساكالار» (sakas, sacαe) قاتارلىقناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ساكلار توغرىسىدا ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى شىراز ئەتراپىغا جايلاشقان نەقشى رۇستەم خارابىسىدا ساقلانغان دارا I ھەققىدىكى مىخ يېزىق مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق 3 گۇرۇھ تىلغا ئېلىنغان:

1. خايمارى — «خايما» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۈسۈملۈكنى ئۆزگە سىمۋول قىلىۋالغان ساكلار بولۇپ، ئۇلار پەرغانە ئويمانلىقى، كۆكئارت ئەتراپىدا ياشىغان.

2. تىگراخايدا ساكلىرى — ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار بولۇپ، بۇلار يەتتە سۇنى ئاساس قىلغان ھالدا ھازىرقى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان يايلاقلىرىدا ياشىغان.

3. تەيتارادارىيە ساكلىرى — دەريا - دېڭىز بويلىرىدا ياشىغۇچى ساكلار دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس.

ساكلارنى قەدىمكى گىرېك تارىخچىسى ھىرودوت ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە سترابون «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە «سىكىفلار» ياكى «ئىسكىفلار» دەپ ئاتاپ، كۆچمە چارۋىچى دەپ قەيت قىلغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئا. ن. بېرنشتامنىڭ تەتقىقاتىدا: تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V، I ئەسىرلەردە كۆكئارت تېغىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان ساكلار (بۇنى بېرنشتام پامىر ساكلىرى دەپ ئاتىغان) نىڭ بىر قىسمى توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ، كۆكئارتتىن ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى (ئاساسەن خوتەندىن قەشقەرگىچە بولغان جايلار)، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى ۋە كەشمىر رايونى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن، شۇنداقلا بۇ جايلاردا كەشمىرا (Kasmira)، كوشتانا (kostana، خوتەن تەۋەسىدە)، ساكارائول (يەكەن تەۋەسىدە)، درانگىئانا (drangiana) (ھازىرقى ئىراننىڭ ساكىستان ياكى سىستان رايونىدا) قاتارلىق خانلىق، بەگلىكلەرنى بەرپا قىلغانلىقى مەلۇم بولغان.

ئەنگلىيىلىك ستەيىن «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇلارنى «خوتەن ساكلىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى شەرقىي ئىران (پارس) تىللىرى گۇرۇپپىسى شەرقىي جەنۇب تىل تارمىقىغا تەۋە خوتەن ساك تىلىنى قوللانغانلىقىنى دەلىللىگەن. تىلشۇناسلار خوتەن ساك تىلىنى دەسلەپكى خوتەن ساك تىلى، كېيىنكى خوتەن ساك تىلى، مۇرتۇق ساك تىلى، تۇمشۇق ساك تىلى، ھىندى ساك تىلى، قەشقەر ساك تىلى قاتارلىق 7 تارماققا بۆلگەن. ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس ھ. ۋ. بەيلېينىڭ تەتقىقاتىدا: خوتەن ساكلىرى قەدىمكى خوتەن ساك تىلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھىندىستاندىكى گۇپتا خانلىقى دەۋرى (320 - 550) دە قوللانغان يېزىق ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان پراكرىت (Prakrit) يېزىقى ياكى خوتەن ساك يېزىقى دەپ ئاتىلىدىغان يېزىقنى قوللانغان. بۇ خىل يېزىقنى مىلادىيە III ئەسىردىن X ئەسىرگىچە قوللانغان بولۇپ، دەسلەپكى دەۋرى (III - VI ئەسىر) ۋە كېيىنكى دەۋر (VII - X ئەسىر) دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ①.

ئومۇمەن خوتەن ساكلىرى خوتەن بوستانلىقىدا تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن تاكى ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە 1000 نەچچە يۈز يىل دەۋر سۈرگەن ھەمدە 56 ئەۋلاد خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان «ۋايسارا خاندانلىقى» نى بەرپا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى ۋايسارالار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەڭ ئاۋات مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

**هۇنلار** قەدىمدە «تەڭرىنىڭ ئەركىسى» دەپ ئاتالغان هۇنلارنىڭ خوتەن بوستانلىقى تەۋەسىگە كىرگەنلىكى توغرىسىدا «تارىخنامە. هۇنلار تەزكىرىسى»، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا ئېنىق زىكرى قىلىنغان. هۇنلارنىڭ 2 - ئەۋلاد تەڭرىقۇتى مودۇ (باتۇر تەڭرىقۇت) (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 - 174 - يىلغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردىن كېيىن ئۇدۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك - خانلىقنى هۆكۈمرانلىق قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 96 - يىلى ۋېيلى (هازىرقى لوپ ناهىيىسى تەۋەسىدە) «قۇللارنى ئىدارە قىلىش كاهىبىگى مەهكىمىسى» تەسىس قىلىپ هەر قايسى بەگلىكلەر ئۈستىدىن هۆكۈمرانلىق قىلغان. جۈملىدىن بىر قىسىم هۇن قەبىلىلىرى خوتەن بوستانلىقىغا ئولتۇراقلىشىپ خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن.

**توخرىلار - توخارلار** ب. گ. غاپۇروفنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بىر قىسىم توخرىلار مىلادىيىنىڭ بېشىدا قەدىمكى ئۇدۇن، نىيە ۋە لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقى يەنى پىشامشان ئەتراپىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان هەمدە هىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئەمنىيە ئاۋام تىلى دەپ ئاتىلىدىغان تىلنى قوللانغانلىقى مەلۇم. ئالىملار XIX ئەسىردىن كېيىن تەكلىماكان قۇملۇقىدىن تېپىلغان شۇ خىل تىلغا ئائىت هۆججەت - ۋەسىقىلىرىنىڭ Ⅲ - Ⅳ ئەسىرگە تەۋە، تىلى هىندىستاننىڭ غەربىي شىمال پراكرىت تىلىدا پۈتۈلگەن هۆججەتلەر ئىكەنلىكىنى بېكىتتى②. ئۇلار قارۇشتى يېزىقىنى قوللانغان. دېمەك توخرىلار I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا كۇشان (Kushan) دۆلىتىنى بەرپا قىلغان هەمدە Ⅱ ئەسىرگە كەلگەندە زېمىننى كېڭەيتىپ رىم، ئارساك ۋە خەن (جۇڭگو) بىلەن بىرگە 4 چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ بىرىگە ئايلانغان، كېيىن ئېفتالىت ۋە تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

**رورانلار** رورانلار غەرب مەنبەلىرىدە «ئاۋارلار» دەپ ئاتالغان. رورانلار دەسلەپ شىمالىي چۆللۈكتە هۇنلار، سىيانپىيلاردىن كېيىن روناق تېپىپ بىر يېرىم ئەسىردەك دەۋران سۈرگەن، كېيىن كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ كۆپ قىسمى غەربكە (ياۋروپاغا)، ئاز بىر قىسمى خوتەن بوستانلىقى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

تىلشۇناسلار رورانلارنى ئالتاي تىلى سىستېمىسى توڭغۇس تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە روران (ئاۋار) تىلىنى قوللانغان دەپ قارايدۇ، بىراق ئىنگلىز ئالىمى ئى. پاركىر «تاتارلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە رورانلارنى تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە تەۋە مىللەت دەپ قارايدۇ.

**ئېفتالىتلار** ئېفتالىتلار ئېلىمىز مەنبەلىرىدە «يەندالار» (嚈哒) دەپ ئاتالغان. «لياڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ئېفتالىتلار قاڭقىللارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى دەپ قەيت قىلىنغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا توخرىلارنىڭ غەربىي تارمىقى دەپ قەيت قىلىنغان. شۇڭا بەزى ئالىملار ئېفتالىتلارنى هۇنلار بىلەن توخرىلار نەسلىدىن بولغان شالغۇت مىللەت③ دەپ قارايدۇ.

ئېلىمىز تارىخىي مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە بىر قىسىم ئېفتالىتلار ئاگنى (قارا شەهەر) سۇلى، قۇم (ئاقسۇ)، كۇسەن، ئۇدۇن، كاۋانتا (تاشقورغان) قاتارلىق جايلارنى ئىستىلا قىلىپ، يەرلىك ئاهالىلەر ئۈستىدىن هۆكۈمرانلىق قىلىپ، هازىرقى بەلخنى مەركەز قىلغان ئېفتالىتلار دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەت 563 - 569 - يىللىرى تۈركلەر بىلەن ساسانىيلارنىڭ قىستاپ هۇجۇم قىلىشى بىلەن گۇمران بولۇپ ئاهالىلىرى تەرەپ - تەرەپكە تارقاقلىشىپ كەتكەن، خوتەن بوستانلىقىغا كىرگەن ئاهالىلىرى ئاسسىمىلاتسىيىلىشىپ باشقا مىللەتكە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمكى مىللەتلەردىن ساك، توخرى، هۇن، روران ئېفتالىتتىن باشقا يەنە تۈركلەرمۇ بار ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمكى مىللەت ۋە ئاهالىلەردىن شۇ

نەرسە ئايانكى، بۇ مىللەتلەرنىڭ خوتەن بوستانلىقىغا كىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇ رايوندىكى شەرقىي ئىران تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ تۈركلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى كۈچەيتكەن، بۇ خوتەن بوستانلىقىنىڭ X ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان رايونغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

## ئۇيغۇرلار ۋە خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلىششى

مىلادى 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى قەبىلىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆچۈشكە باشلىغان، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن پاناھ بولىدىغان يېڭى ماكان ئىزدەشكە باشلىغان. ئۇلار كۆچمەكچى بولغان يېڭى ماكاندا ئۆزلىرى بىلەن نەسەپداش ياكى قېرىنداش بولغان كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئاللىبۇرۇن خېشى كارىدورىدىن تارتىپ تەڭرىتاغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى ھەمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ۋادىلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقانىدى.

«سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاساسىي ۋەقەلەر توپلىمى. بېقىندىلار» دېگەن كىتابتا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلۈپ، كېرىيىنىڭ شەرقى، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبى، قاراقۇرۇم، ئالتۇنتاغ ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتتىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ خوتەن بوستانلىقىغا تۈركۈملەپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق.

بىراق VI ئەسىردىن كېيىن «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ ئېتنىك نام ئومۇملاشقاندىن كېيىنلا ئاندىن خەنزۇچە مەنبەلەردە بولۇپمۇ «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «سۇڭنامە»، «كونا بەش دەۋر تارىخى» قاتارلىق تارىخنامىلەردە مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىلىپ، ئۇيغۇر تەزكىرىسى بېرىلگەنىدى. بۇ تارىخنامىلەردە ئۇيغۇر ئۈستىدە توختىلىپ بىردەك «ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلاردۇر»، «ئۇيغۇرلار ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى» دەپ زىكرى قىلىنغان.

تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئىي ئەپەندى: غەربىي ھۇنلار ئىچىدە ساراغۇر (saragur)، ئونۇغۇر (onugur)، قوتىغۇر (kottigur) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بارلىقى، ئۇلار ھۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ۋە ھۇنلار دەۋرىدىن تارتىپ قەدىمكى يىپەك يولى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى تىلغا ئالغان④.

قولىمىزدىكى قىسمەن ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن خوتەن بوستانلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئىككى چوڭ دەۋرگە - ئۇيغۇرلىشىشتىن ئاۋۋالقى دەۋر ۋە ئۇيغۇرلىشىش دەۋرى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ 2 دەۋرنى چۈشىنىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋر ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋر دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋر تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II - III ئەسىرلەر ھەتتا ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى X - XX ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، ھىندى - ياۋروپا تىلىغا مەنسۇپ قەبىلىلەر ياشىغان دەۋرلەردىن IX - XI ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ھىندى - ياۋروپا تىللىرى ئىران تىلى ئائىلىسىگە تەۋە تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان يەرلىك قەبىلە تەركىبىگە ھۇن، روران، ئېفتالىت، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق قەدىمكى قەبىلىلەر قوشۇلغانىدى. كېيىن ئۇيغۇرلار ھىندى - ياۋروپا تىللىرىغا تەۋە قەبىلىلەرنى پەيدىنپەي ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن X ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار خوتەن بوستانلىقىدا ئاساسلىق مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋر IX - XII ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئومۇمىي نوپۇس جەھەتتىمۇ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى

ئىگىلىگەن دەۋر ئىدى.

گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھ. ج. كىلىمكېت بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: X ئەسىرگە كەلگەندە قاراخانىيلار خانى بۇغراخان ھارۇن I خوتەن بوستانلىقىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، خوتەن ساكلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ خوتەن ساكلىرىنىڭ شانلىق بۇددا مەدەنىيەت دەۋرى ئاياغلاشتى. خوتەندە يېڭى بىر دەۋر — ئىسلامىيەت دەۋرى باشلاندى⑤.

ھ. ج. كىلىمكېتنىڭ بايانىدا بەزى سەۋەنلىكلەر بار: تارىخىي مەنبەلەردە قاراخانىيلار بىلەن خوتەن بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن 8 قېتىملىق ئۇرۇش نەچچە ئون يىل داۋام قىلىپ XI ئەسىرنىڭ بېشىدا (1008 - يىلى) خوتەندىكى «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى» قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى يۈسۈف قادىرخان (1026 - 1032) تەرىپىدىن يوقىتىلغان. ئۇ «مەلىكۇل مەشرىق» (شەرق خانى مەنىسىدە) دېگەن مەرتىۋە ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت غەربىي يۇرتتا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ يىرىك مەركەزلىرىدىن بولغان ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى ۋە خوتەن بوستانلىقىنىڭ قاراخانىيلار زېمىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ئىسلام دىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى بۇ جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

يۇقىرىقى دەلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، تەققى - تۇرقى، تېرىسى، چېچىنىڭ رەڭگى ۋە قان تىپىنىڭ چاستوتىسى قاتارلىق تاشقى ئالاھىدىلىكلەردىن خوتەن بوستانلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىللىق 4 - سان (خەنزۇچە)، 98 - بەت.

② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1992 - يىللىق 2 - سان، 98 - بەت.

③ د. سايىم: «دۇنيا مىللەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىللىق نەشرى، 306 - بەت.

④ «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى، 245 -، 246 -، 74 - بەتلەر.

⑤. ھ . ج. كىلىمكېت: «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى 152 -، 155 -، 157 - بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: مەرھابا شاۋۇدۇن

(بېشى 33 - بەتتە)

قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلغان، يېزىلغان ئەسلىمىلەرنى تەپسىلىي كۆرگەن، ئۇلار بىلەن تونۇشقان ۋە ئەستە قالدۇرغانىدىم. ئەپسۇسكى، 1967 - يىلى بۇ قەبرىلەر چېقىلىپ، ئوغۇت ئورنىدا ئېتىزلىقلارغا تۆكۈلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى.

ئىزاھاتلار:

① بۇ زور ھەجىمدىكى خاڭ بولۇپ، ھازىر دۆلەت خېڭى دەپ ئاتىلىدۇ.

②تۇرباغ — كۈسەن دەرياسى بويىدىكى ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە بولغاچقا، تۇرباغ دەپ ئاتالغان.

تەھرىرلىگۈچى: غ. ھ. نىيازى

# غېنىزات خوجا ۋە ئۇنىڭ «تايغان» لىرى

ئەخمەت بايىزى

(كۇچا كوناشەھەر پاختا بازىرى ئاھالىلەر كومىتېتى 2 ـ گۇرۇپپىسىدىن)

1900 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى «ساقال ئامبال» نىڭ جارچىسى مەخسۇت بەگ ئارقىسىغا 2 يايىسىنى ئەگەشتۈرۈپ قىغدۆڭدىن رەستىگىچە، رەستىدىن ساقساققىچە بولغان بازار دوقمۇشلىرىدا توختاپ، ئۈستەل ئۈستىگە چىقىپ مۇنداق جاكارلايتتى:

— داڭ! داڭ ! ! داڭ ! ! ! ھەي خالايىقلار! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئامبال جاكارلايدۇكى: 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاغ مىس كانىدىكى غېنىزات خوجىنىڭ «تايغان» لىرى بىر ئايلىق دەم ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە كېتىدۇ. قىزىڭلارنى، ياش كېلىنىڭلارنى ئۆيدىن تالاغا چىقارماڭلار ياكى يىراق ـ يېقىن تۇغقانلىرىڭلارنىڭكىگە ئاپىرىۋېتىڭلار! تىجارەتچىلەر ئۆزەڭلەرگە ئاگاھ بولۇڭلار: ئەگەرچەندە «تايغان» لار ھادىسە تۇغدۇرۇپ ماجىرا چىقارسا، ئامبال ئىگە ئەمەس، دەۋا سورالمايدۇ! ... داڭ ! ! داڭ ! ! !

بۇ خەۋەر ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەممە جايغا پۇر كەتتى. خەلق جىددىيلىشىپ، «تايغان» لارنى غايىبانە تىللىشاتتى. چۈنكى بۇ «تايغان» لار ھەر قايسى يۇرتلاردىن كەلگەن مۇساپىلار بولۇپ، تۇرمۇشتا قىسىلغان، ئىش، پۇلغا مۇھتاج ئادەملەر بولۇپ، قىمار ئويناش، لۇكچەكلىك قىلىش، بەڭ چېكىش قاتارلىق يامان ئىشلارنىڭ ھېچقايسىدىن قول ئۈزمەيتتى، «تايغان» خەلق تىلىدا «باشقۇرماق تەس بولغان بويتاق» دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى. دەرۋەقە، ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە بىر ئاي ئىچىدە خوجايىن غېنىزات خوجا ئۇلارنى شەھەرگە ئەكىرىپ دەم ئالدۇراتتى، ئۇجمە، ئۆرۈك يېگۈزەتتى. ئۇلار ئۆز تەشكىلى — ئون بېشى، ئەللىك بېشى، يۈز بېشى دېگەنلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. بۇ ئادەملەر كانىدىن بېرىلگەن كىيىمى بىر خىل بولسىمۇ، كۆنلۈك ئىشتىن چۈشۈپ قىمار، قاتار ئوينىشىپ، ئۇتتۇرۇپ گاڭسا ـ جىسا بولۇپ قالاتتى. شۇڭا شەھەرگە ھەرخىل، ھەر ياڭزا قىياپەتتە كېلەتتى. بۇلارنى كۆرگەن كىشىلەر: «ئەنە (تايغان) لار كەلدى» دېيىشەتتى. ئۇلار شەھەرگە كەلگەندە ئاياللار ماجىرالىرى يۈز بېرەتتى، تىجارەتچىلەردىن مال ئېلىپ پۇلىنى بەرمەسلىك جودالىرى كۆرۈلەتتى. يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ ئەھۋاللارنى سالا ـ سۇلىھ بىلەنلا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارغا چارە كۆرمەيتتى. چۈنكى ئۇلار تاغ ـ چۆللەردە جاپالىق ئىشلەپ ھۆكۈمەتكە ساپ مىس ئۆتكۈزەتتى. ئۇلار شەھەرگە كېلىپلا خەندەك بويىدىكى «سەتەڭ» لەر بىلەن ئويناپ ئىچ پۇشقىنى چىقىرىشاتتى؛ بەزىلىرى تاۋىكالارنى تاپاتتى؛ بەزىلىرى «قارا تاماكا» مەستانىسى بولۇپ چىلىمخانىلاردا گېلىنى ئىسلايتتى؛ بەزىلىرى شوپاڭلارغا كىرىپ 2 ـ 4 سەر ئىچىپ كالتا جودا چىقىرىشسا، بەزىلىرى باغ سەيلىسى قىلاتتى، سوقا مەشرەپ ئوينايتتى؛ بەزىلىرى سايغا چۈشۈپ مەدداھلارنىڭ تۈگىمەس جەڭنامىلىرىنى ئاڭلىسا، بەزىلىرى كەكلىك سەيلىسىگە چىقىشاتتى. شۇنداق قىلىپ «تايغان» لار «20 كۈن باي، بىر يىل گاداي» بولۇپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتى.

خوش ، غېنىزات خوجاكىم؟

مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش مەمۇري تۈزۈمى بويىچە غۇلجا (ئىلى) دا

جياڭجۇن، قەشقەردە «خان ئامبال»، ھەربىر ناھىيىدە يەرلىك خەلقتىن ھاكىمبەگ قويۇلغانىدى. كۇچادىكى ئاتاقلىق مۆتىۋەر - ئوقۇمۇشلۇق زات - قادىر ھېكىمبەگ ئۈچتۇرپان ناھىيىسىگە، ئىنىسى يۇسۇپ ھېكىمبەگ كۇچاغا ھاكىمبەگ بولۇپ بىر ئۆمۈر ۋەزىپە ئۆتىگەنىدى. غېنىزات خوجا بولسا ئەنە شۇ يۇسۇپ ھېكىمبەگنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. غېنىزات خوجا ئۆز زامانىسىغا لايىق بىلىم - ئىقتىدار ئىگىسى، تېخنىك سەۋىيىسى بار، تەمكىن خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى چوڭ، خۇشپېچىم ئادەم ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن 90 - 100 يىل بۇرۇنقى دەۋردە، كۇچادا مىس كان ئېچىپ، ئۇنىڭدىن ساپ مىس ئالغانىدى. بۇ — ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىياتنىڭ سىمۋولى، ئۇنىڭ ئۈچمەس تارىخىي تۆھپىسىدىن بىشارەت ئىدى.

غېنىزات خوجا 1895 - يىلدىن باشلاپ «تايغان» لارنى ئويۇشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن «ساقال ئامبال» بىلەن مىس كان ئېچىش، تاۋلانغان ساپ مىسنى خەزىنىگە ئۆتكۈزۈش ئۈستىدە توختامنامە تۈزۈپ ئىشقا كىرىشكەنىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ھازىرقى ئاغۇدىكى دۆلەت كۆمۈر كېنىنى ئېچىپ ① كۆمۈر قازغان، يەنە بىر تەرەپتىن مىس رۇدىلىرىنى قېزىپ، ئېرىتىش سېخى قۇرۇپ، ساپ مىس تاۋلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ داڭ چىقارغان، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۆھپە قوشقان، بۇ مىسلاردىن پايدىلىنىپ ناھىيىدە يارماق پۇل قويۇلغان. بۇ ھەقتە كىشىلەردە مۇنداق 2 خىل كۆز قاراش مەۋجۇت:

1. كان چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزاسى - ئاباس ئىمام رازاق ئوغلى: «غېنىزات خوجام مىس رۇدىسىنى ‹چاقماقچى›، دېگەن يەردىن قېزىپ چىقىرىپ، ‹گىرىشىم› دېگەن يەردە ساپ مىس تاۋلاپ، ھازىرقى كاندىكى بىز ئولتۇرغان زېمىن ئۆرىدا مىستىن داچەن قويۇپتىكەن. ئانام رەھمىتى رازاق ئىمام ماڭا شۇنداق دېگەنىدى» دەپ ئىسپات بەردى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئابرازى رازاق ئوغلىمۇ يۇقىرىقى ئىسپاتنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىدى.

2. كونا شەھەردىكى ئىمىن ھاشىم قاتارلىق كىشىلەر: «غېنىزات خوجا ساپ مىسنى ئامبال ئارقىلىق پۇلخانىغا ئۆتكۈزۈپ، پۇلخانىدا مىستىن يارماق پۇل قويغانىكەن. كۇچانىڭ مىس پۇلى نېپىزرەك، خەنزۇچە ‹كۇچا› دېگەن خېتى بار پۇلنى دەل مۇشۇ پۇلخانىدا قويۇپ تارقىتىپتىكەن، پۇلخانا بولسا، كونا ئامبارنىڭ ئۇدۇلىدىكى كۆلنىڭ يېنىدا ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا خەنزۇچە مەكتەپ (شۆتاڭ) بار ئىدى. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ يەرنى «پۇلخانا ئورنى دېيىشىدۇ» دەيدۇ.

غېنىزات خوجا مىس كاندا بولسۇن ياكى خاڭدا بولسۇن، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، تاماق، ئىش ھەققى جەھەتلەردە ئۇلارنى رازى قىلغان. شۇڭا ئىشتا نارازىلىق قىلىش، قېچىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىگەن.

غېنىزات خوجا ئىشچىلارنى يىلدا بىر ئايلىق دەم ئېلىشقا ئېلىپ كەلگەندە، ئامبال بىلەن يىللىق ھېساب - كىتاب قىلىشاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇر باغدىكى② ھەشەمەتلىك باغ ھويلىسىغا چىقىپ دەم ئالاتتى.

قادىر ھېكىم، يۇسۇپ ھېكىمبەگ ۋە غېنىزات خوجىلارنىڭ قەبرىسى ئۇچا «بەلخ ئاتام» نىڭ يېنىدىكى چوڭ مەدرىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا. بۇ قەبرىلەر چوغدەك مەھەللىسىدىكى مەشھۇر ساپالچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ئاق، كۆك، يېشىل، ئەترەڭ چاقچۇقلار بىلەن زىننەتلەنگەن. قەبرىلەرنىڭ ئالدى، يان تەرەپلىرىگە ماھىر خەتتاتلار تەرىپىدىن مەرھۇملارنىڭ نام - شەرىپى، يېشى، ئۆمرى، ئۆلۈش سەۋەبى، ۋاقتى ئېنىق يېزىلغان. تۆۋرۈك ۋە خەرياغاچلىرىغا، تۇغ شەددەلىرىگە، شەددىگە ئېسىلغان ئاق بايراقچىلارغا تەسىرلىك مەرسىيە، قەسىدە، مەرھۇملارنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسى، شېئىر - رۇبائىيلار، ئەسلىمىلەر يېزىلغانىدى. بۇلار ئەسلىدە قىممەتلىك تارىخىي مىراسلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مەن 12 يېشىمدا مەرھۇم ئاكام مەتىمىن بايىزغا ئەگىشىپ، 2 - قېتىم 1948 - يىلى مۇدەررىس كېرەم ئىمامنىڭ ئوغلى شەمشىدىن كېرەمنىڭ بېغىنى سەيلى قىلغاندا، قەدىناس يولدىشىم بىلەن يۇقىرىدا قەيت قىلىنىدىغان

(ئاخىرى 31 - بەتتە)

# ئۇچار ئات - شاتۇر

ياقۇپ ئەمەت

(يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ -تەزكىرە ئىشخانىسىدىن)

شاتۇر (ئەسلى ئىسمى سەيىد جامالىدىنخان) پاكىستان بىلەن ئافغانىستان چېگرىسىدىكى قەندىھاردا تۇغۇلغان، 1930 - يىلى ئافغانىستاننىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ۋەكىلى — جەنرال گېنېرال ساھىپنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ھەم خەت ئالاقىچىسى بولۇپ يەكەنگە كەلگەن.

شاتۇر دېگەن لەقەم ئۇنىڭ چاققانلىقى، يول مېڭىشقا، يۈگۈرۈشكە ماھىرلىقى، بوران - چاپقۇنغا قارىماي، كېچە - كۈندۈز ھاردىم - تالدىم دېمەي، توشقاندەك دىكىلداپ تېز يول ماڭىدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يەكەن خەلقى تەرىپىدىن قويۇلغان.

يەكەن ناھىيە ئىشقۇل يېزا 7 - كەنتتىكى 85 ياشلىق ئىبراھىم سىيىت مۇنداق دەيدۇ: 1959 - يىلى بىر قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا شاتۇر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىنىمدا، ئۇ ماڭا: «چوڭ يولغا چىقىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ كەينىدىن ماڭسام، بىر سائەتتىن كېيىن، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئات مەندىن كېيىن قالىدۇ، بىر سەكرەشتە 5 مېتىر ئارىلىققا سەكرەيمەن، سۈت، تۇخۇم ئىچىمەن، ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ يۈگۈرۈشنى مەشق قىلىمەن» دېگەنىدى.

شاتۇر بۇغداي ئۆڭلۈك، چېچەك ئىزلىق، كەكە ساقال، ۋىجىك، پۇت - قوللىرى تۆكلۈك، پاكارراق، ئۇچىسىغا دائىم خومارەڭ كىيىم، پۇتىغا لاتا ئاياغ كىيىم كىيىپ، پۇتىنىڭ ئوشۇقىدىن تىزىغىچە ئاق خام يۆگەپ يۈرىدىغان، بىر ئىزدا جىم تۇرالمايدىغان، يول ماڭسا توشقاندەك سەكرەپ ماڭىدىغان، دولىسىدىن سېرىق سومكا چۈشمەيدىغان كىشى ئىدى. ھەر قانچە ئالدىراش ئىشقا ماڭغان كىشىلەرمۇ ئۇنى كۆرگەندە ھەيرانلىق ئىلكىدە: «شاتۇر، بارمۇ سەن؟» - دېيىشەتتى.

پاكىستاننىڭ جەندۇل مايار دېگەن يېرىدىن كەلگەن 70 ياشلىق ئەخمەتجان، يەكەن كونا شەھەردىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ ھازىرقى مەزىنى 79 ياشلىق ئابدۇللا كېرەم مۇپتى ئاخۇنۇم (شاتۇرنىڭ ئەينى چاغدىكى قوشنىسى) نىڭ ئېيتقىنىدا ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىچە: شاتۇر ئافغانىستانلىق مۇكەررەمخان باينىڭ ھويلىسىدا تۇرغانىكەن، ئافغانىستاننىڭ يەكەندىكى كونسۇلخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، 1950 - يىلى يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە خەت - ئالاقىچى (خەۋەرچى) بولغان. يەكەن بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق 4- ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئورا كۆلبېشىدىكى كەشمىر كوچىسىغا ئورۇنلاشقان. ئەينى چاغدىكى كونسۇلخانىنىڭ ئىمارەتلىرى ھازىر نامانجان ھاجىمنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، مەشھۇر جايغا ئايلاندى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ 1953 - يىلدىكى كادىرى مۇللامەت ھاجىم ۋە يەكەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى غوپۇر مۇھەممەت قاتارلىقلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە: شاتۇر يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋەرچىسى بولغان مەزگىلدە، يەكەن ناھىيىسىگە قاراشلىق، كۆلىمى 6. 8195 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى 84 ئىدارە، مەكتەپ، 16 يېزىنى بىر نەچچە كۈندىلا پىيادە ئايلىنىپ كەلگەن. ئەينى چاغدا تېلېفون، ماشىنا

(ئاخىرى 56 - بەتتە)

# ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

بەيتۇللا جانئەخمەت

يەر نامى — ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىش جەريانىدا پەيدا بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي نامايەندىسى، ئۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قىلىپ داۋاملىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى مۇقىم ساقلاپ كەلمەكتە. مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىپ يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئېغىزدا دېيىلىپ كېلىۋاتقان يەر نامىلىرىنى يېزىق شەكلىدە تارىخ بېتىگە يېزىپ قالدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى يارىتىلىپ، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يەر نامى — ئىنسانلار قەدىمدىن بۇيان ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان ئۆزىگە خاس نامى بولغاچقا، ئۇنى كەلسە - كەلمەس ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

ئەمما ئېلىمىزدە 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بۇرۇنقى يەر نامىلىرى كونىلىق دەپ قارىلىپ مەجبۇرىي ئۆزگەرتىلدى. جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىدىمۇ نۇرغۇن يېزا - كەنتلەرنىڭ ئەلمىساقتىن بېرى قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بىرچىرايلىق نامىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «خۇڭشىڭ» گۇڭشېسى (بۇرۇنقى شىبىرشىبەك يېزىسى)، «چاۋيىڭ» گۇڭشېسى (بۇرۇنقى ئېگىز تۆبە يېزىسى)، «خۇڭۋېي» گۇڭشېسى (بۇرۇنقى شاغانقۇل يېزىسى) دېگەنگە ئوخشاش تارىخىي ئاساسمۇ، ئىلمىي ئاساسمۇ بولمىغان يەر نامىلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتتى. بۇ ئىش پەقەت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن تۈزىتىلىپ، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن يەر نامىلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئالتاي ۋىلايىتى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەرگە ماكانلاشقان ھەر مىللەت خەلقى تارىختىن بۇيان ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ چېگرا رايوننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان، ئۇ ئۆزىگە خاس تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەمۇرىي رايون. ئەگەر بىز ئالتايدىكى يەر نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئالتاينى ئەسىرلەر بويى ئۆزىگە ماكان قىلغان ئاساسلىق مىللەت قازاق خەلقىنىڭ مىللىي تىل - يېزىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. مەن بۇ ماقالەمدە ئاساسلىقى ئالتاي ۋىلايىتىگە تەۋە جايلاردىكى قازاقچە يەر نامىلىرىنىڭ قويۇلۇشىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈپ بايان قىلىمەن.

1. يەر تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن قويۇلغان ناملار

بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرى ئاساسلىقى شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، يەر شەكلىگە ئاساسەن



قويۇلغان. چۈنكى ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي تېغى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئۆزگىچە، يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغاچقا، بۇ يەردىكى ناملار شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە يەر شەكلىگە ئاساسەن قويۇلغان. مەسىلەن: «ئاستاۋچە»، «بوتامويىن» (بوتىلاق بويىنى)، «ئېگىزتۆبە»، «جامان ئادىر» (خەتەرلىك ئېدىر) دېگەندەك.

2. قەبىلىلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى تارىختا شۇ يەردە ياشىغان چوڭ - كىچىك قەبىلىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بىر ئەۋلادتىن تارقالغان توپ — قەبىلە دېيىلىدۇ. قازاق مىللىتى مانا شۇ قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئەزەلدىن مال بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوت - چۆپ، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن ھەمدە قەبىلىلەر بويىچە بۆلەك - بۆلەك ياشىغان، شۇڭا ئۇ جايلار ئەشۇ قەبىلىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: «جارىلغاپ تاۋى» (جارىلغاپ تېغى) بۇ يەر جېمىنەي ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، ئاباق كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى جەنتىكەي ئەۋلادىدىن تارالغان بىر كىچىك ئۇرۇق — جارىلغاپ ئۇرۇقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان؛ «بازارقۇل»، بۇ جېمىنەي ناھىيىسىنىڭ توستى يېزىسىغا قاراشلىق يەرنىڭ نامى بولۇپ، ئاباق كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى جەنتىكەي ئەۋلادىدىن تارالغان بازارقۇل ئۇرۇقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان؛ «ئېلكېلدى سازى» (ئەلكەلدى سازلىقى)، بۇ ئالتاي شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى يايلاق بولۇپ، ئاباق كېرەي قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى جەنتىكەي ئەۋلادىدىن تارالغان ئەلكەلدى ئۇرۇقى ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ يەردە ياشىغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان.

3. يۆنىلىشكە قاراپ قويۇلغان يەر ناملىرى

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى شەرق بىلەن غەربنى، جەنۇب بىلەن شىمالنى، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى نىشان قىلىپ قويۇلغان. بۇ يەرلەرگە ماكانلىشىپ كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قازاق خەلقى بىر جاينى مەركەز قىلىپ شۇ يەرنىڭ شەرق - غەرب، جەنۇب - شىمال تەرەپلىرىنى نىشان قىلغان ھالدا يۆنىلىشكە قاراپ نام قويغان. مەسىلەن: «كۈنگەيتى» (كۈنگەيلىك)، بۇ ھازىرقى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى يايلاق، «شىغىس سارقامىس» (شەرقىي قومۇشلۇق)، «باتىس سارقامىس» (غەربىي سېرىق قومۇشلۇق)، بۇلار ھازىرقى چىڭگىل ناھىيىسىدىكى ناملار. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىگە قاراپ قويۇلغان يەر ناملىرىمۇ بار. مەسىلەن: «ئۆرئالتاي» (يۇقىرى ئالتاي). ئالتايدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ئولتۇرىدىغان قازاق خەلقى ئېرتىش دەرياسىنىڭ باش تەرىپىنى شۇنداق ئاتايدۇ.

4. دەريا، كۆل، بۇلاقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قويۇلغان يەر ناملىرى

بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى مەلۇم بىر جايدىكى دەريا، كۆل، بۇلاقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان. مەسىلەن: «شىباركۆل». بۇ چىڭگىل ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يايلاق نامى. بۇ يايلاقتا بۇرۇن بىر قانچە كىچىك كۆلچەكلەر بولغان. شۇڭا بۇ يەر «شىبار كۆل» (چىپاركۆل) دەپ ئاتالغان. «كارەسىن باستاۋ» (كىرسىن توڭلىماس)، بۇ جېمىنەي ناھىيىسىدىكى بىر بۇلاق بېشىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى قاتتىق سوغۇقتىمۇ توڭلىماي ئېقىپ تۇرغاچقا شۇنداق ئاتالغان. «باتپاق بۇلاق» (پاتقاق بۇلاق)، بۇ نام شۇ بۇلاق سۈيىنىڭ داۋاملىق سېرىق لاي بولۇپ ئاقىدىغانلىقىغا قارىتىلغان. «بۇلغىن ئۆزەنى» (بۇلغۇن دەرياسى)، بۇ چىڭگىل ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىكى دەريا بولۇپ ئۇنىڭ بويلىرىدا دۆلەت تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان — بۇلغۇن كۆپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان.

5. ئادەم ئىسمى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى

مۇنداق يەر ناملىرى كۆپىنچە شۇ جايدا ياشىغان ئادەملەر ئىچىدىكى مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: «شەگەتاي قاباغى» (شېگېتاي تۆپىلىكى)، بۇ بۇرچىن ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى يەر بولۇپ، تارىختا بۇ يەردە شەگەتاي ئىسىملىك ئەل بېشى ياشىغاچقا شۇنداق ئاتىلىپ

قالغان. «بىيدىڭ قۇسى» (بەگنىڭ ئۆڭكۈرى) ، بۇ ئالتاي شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى يايلاقنىڭ نامى. ئالتاي قازاقلىرى تۆت بەگنىڭ بىرى بولغان كۆكەن مامىت ئوغلىنى «كارى بى» (قېرى بەگ) دەپ ئاتىغان. شۇڭا بۇ ئادەمنىڭ يايلىقى بولغان بۇ جاينى «بەگنىڭ قۇسى» دەپ ئاتاشقان. «شالىشقاي» ، بۇ يەر ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، تارىختا شالىشقاي ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى ياشىغاچقا، ھازىرغا قەدەر «شالىشقاي» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

6. سان بىلەن ئىپادىلەنگەن يەر نامىلىرى

بۇ خىل يەر نامىلىرى مەلۇم ئىسىمنىڭ ئالدىغا سان قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. مەسىلەن: «جېتى ئارال» (يەتتە ئارال) ، بۇ يەر بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، 7 ئارالدىن تەركىب تاپقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

7. ھەرخىل رەڭلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى

بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرى ئىسىمغا رەڭ نامىنى قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان. مەسىلەن: «كۆكتوقاي» ، «بۇرۇلتوقاي» ، «قىزىل تاۋ» (قىزىل تاغ) قاتارلىقلار.

8. تەقلىد قىلىپ قويۇلغان يەر نامىلىرى

بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرى مەلۇم بىر يەرنى مەلۇم بىر نەرسىگە تەقلىد قىلىش يولى بىلەن ياسالغان. مەسىلەن: «نار ئۆركەش» (نار لوككىسى) ، «بىلەزىك» (بىلەيزۈك) ، «سارتاقتاي» (سېرىق تاختاي) ، شۇڭقارتاش قاتارلىقلار.

9. تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى

بۇ خىلدىكى يەر نامىلىرى كىشىگە شۇجايدا يۈز بەرگەن تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ئەسلىتىدۇ. مەسىلەن: «سارسۇمبە» ، بۇ X IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا موڭغۇل بۇتخانىسى سېلىنغان جاي. «بەگەن شابىلغان قارا سەڭگىر» (بەگەن يېزىسى تالانغان قاراسىڭىر) . بۇ X IX ئەسىرنىڭ بېشىدا قوبدۇ موڭغۇللىرى بەگەن ئاۋۇلىدىكى قازاقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قازاقلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان تاغلىق جاينىڭ نامى. «جاڭجۇن قىزىل» ، بۇ X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلى جاڭجۇنى ئالتايغا كېلىپ شۇ تاغنىڭ چوققىسىغا چىققانلىقى سەۋەبىدىن شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان. «گېگېن تۇغان» (گېگەن تۇغۇلغان) ، بۇ جاي بىر موڭغۇل موللىسى مۇشۇ يەردە تۇغۇلغاچقا شۇنداق ئاتىلىپ قالغان.

10. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى

ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن يەر نامى قويۇش قازاقچە يەر نامىلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن: «قاراغايلى» (قارىغايلىق) ، «تۇراڭغى سۇقى» ، «جىڭغىلدى» (چاتقاللىق) ، «قامىستى» (قومۇشلۇق) ، «شىيلى ئۆزەك» (چىغلىق ساي) ۋە «ئايۇساي» (ئېيىق ساي) ، «شوشقاتۆبەك» (چوشقا دۆڭ) ، «قۇلجا قىزىل» دېگەندەك يەر نامىلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

قازاقچە يەرنامىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە قازاق خەلقى سۆزگە باي خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن، يەر نامىلىرىنىڭ تۈرى خېلى كۆپ. مەن بۇ ماقالەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىملىرىنى يۈزەكى ھالدا تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇم. بۇ ساھەدە يەنىمۇ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى يەر نامىلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

— بىر ئىلمىي ئېقىمغا باھا

خورۋات ئىسابىللا (ئامېرىكا)

ئىلگىرىكى 4 يىلدا، بىرمۇنچە غەرب ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەرگە بولغان قىزىقىشى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ خىل قىزغىنلىقنى ۋىكتور مايىر (VictorMair) نىڭ ئامېرىكىدا چىقىدىغان «بايقاش»، «ئارخېئولوگىيە» قاتارلىق ئاممىباب ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش ماقالىلىرى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ھەر بىر ماقالىسى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، غەرب ئەللىرى «زىلزىلە» گە كېلىپ تۇردى. ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە ۋە باشقا بىرمۇنچە دۆلەتلەردىكى گېزىت - ژۇرناللار بەس - بەستە بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ ھەم ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېسىپ، «فان ھىندى - ياۋروپائىزم» (Pan Indo — Europaenism) پىكىر ئېقىمىغا ماسلاشتى. شۇ ئارقىلىق مەلۇم ئىرقنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئەۋزەل ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان «ئاساس» لارنى كۆپەيتىشكە تىرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غەرب ئىلىم ساھەسىدە «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» (Nev — Socialevolutionism) دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بىر خىل نەزەرىيە غەمكىنلىك ئىچىدە باش كۆتۈردى، «يېڭى» لىق ماركسنى ئېسۋالغان بۇ نەزەرىيە ئەمەلىيەتتە، پەقەت ۋاقتى ئۆتكەن «سوتسىيال دارۋىنىزم» (Sosial Darwinism) نىڭ كۆچۈرۈلمىسى ھەم قايتا تىرىلدۈرۈلگەن شەكلى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە مۇشۇ ئەسىر باشلىرىدا بىر مەھەل بازار تاپقان «مەدەنىيەت تارقىلىش نەزەرىيىسى» نىڭ بىر مۇنچە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى، «سوتسىيال دارۋىنىزم» نىڭ نەزەرىيىۋى تايانچى ئالدى بىلەن ياۋروپا - ئامېرىكا مەدەنىيىتىنى ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىپ، ئاندىن باشقا مىللەت ۋە باشقا ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنى تەرتىپ بويىچە ئۇنىڭ ئارقىسىغا تىزىشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مەدەنىيەتلەرنى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئالاھىدىلىك جەھەتتە، غەرب مەدەنىيىتىگە يىراق - يېقىنلىقىغا ئاساسلىنىپ ئۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە باھا بېرىشنى ئاساس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىل قاراشنى قوۋۋەتلىگۈچى ئالىملار يەنە: ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى مۇساپىسى پەقەت بىرلا، مەلۇم مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىن كېلىشى، شۇ مىللەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرىلىقىنىڭ ئالامىتى، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن پەرقى چوڭ مىللەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ، دەپ قاراشتى. ئۇلار ئەزەلىيەت خاھىشى بىلەن تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەر قايسى باسقۇچلارنى رەتكە



تۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىيات جەريانىنى نەزەرىيە جەھەتتىن قايتىدىن شەرھلەشكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەتكەن، شۇنداق قىلىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان پەرقى چوڭ مىللەتلەر «ياۋايىلار»، «مەدەنىيەتسىزلەر» ۋە «تەرەققىي قىلمىغان مىللەت» لەر دەپ ئاتالغان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ «ئىپتىدائىي» ۋە «ئادىمىلىك كەمچىل مەدەنىيەت» دەپ قارالغان. X IX ئەسىردە، بۇ خىل نەزەرىيە ۋە تەتقىقات مېتودى ئىنسانشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، مۇزىكشۇناسلىق ۋە سىياسەت ئىلمى قاتارلىق ھەر قايسى تەتقىقات ساھەلىرىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلىپ، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلى، دىنى، مۇزىكىسى ۋە باشقا مەدەنىيەت ساھەلىرىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكلىرىگە «ياۋايى» لىق، «مەدەنىيەتسىز» لىك تامغىسى بېسىلغان.

«سوتسىيال دارۋىنىزم» نىڭ ئىنسانشۇناسلىقتا بولغان تەسىرى يالغۇز مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى دائىرىسىدىلا چەكلەنمەي، يەنە تەن ئىنسانشۇناسلىقى دائىرىسىگە قەدەر كېڭەيگەن. دەسلەپكى بىر مۇنچە تەن ئىنسانشۇناسلىرى مەلۇم ياۋروپا ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى ئارقىلىق ياۋروپا ئىرقىنىڭ مىڭە سىغىمچانلىقى ۋە ئەقىل بۆلۈنمىسىنىڭ باشقا ئىرقلارنىڭكىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىسپاتلىماقچى بولۇشقان. ئۇلار ئوخشىمىغان ئىرقلارنى «قالدۇق»، «ئىلغار» دەپ ئايرىۋېلىپ، ياۋروپا ئىرقىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويغان، ئاندىن قالسا موڭغۇل ئىرقىنى، ئەڭ ئاخىرىغا «تەرەققىي قىلمىغان» نېگىر ئىرقىنى قويغان، ئۇلار يەنە ياۋروپا ئىرقىدىكى ئوخشىمىغان تىپلارنىمۇ رەتكە تۇرغۇزغان. مەسىلەن: شىمالىي ياۋروپادىكى «نوردىك» (Nordik) لار بىر مۇنچە ئالىملار تەرىپىدىن جەنۇبىي ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى «ئوتتۇرا يەر دېڭىزى كىشىلىرى» دىن «تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان»، «تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك» دەپ قارالغان. ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ئارىلاشما تىپلىق ئىرق بولسا، ئاتالمىش «ساپ ياۋروپالىقلار» دىن «قالاق» دەپ قارالغان. شۇنداق قىلىپ، «تۈرك ئىرقى» مۇ «ئىپتىدائىي»، «مەدەنىيەتسىز» ۋە «تەرەققىياتى يېتەرسىز» تىپ قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن.

«مەدەنىيەت تارقىلىش نەزەرىيىسى» نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى پەقەت ئىنتايىن ئاز سانلىق ئالاھىدە رايوندىكى ئالاھىدە مىللەت تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىنلا، ئاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان، دېگەندىن ئىبارەت. مەدەنىيەت تارقىلىش نەزەرىيىچىلىرى يەنە: ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى پەرقنى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى مېخانىك ئېچىپلاش شەكلى ۋە ساندىكى ئوخشىماسلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ ۋەزىپىسى مەدەنىيەت ئىجاد قىلىنغان يەرنى بېكىتىش ھەم تارقىلىش لىنىيىسى، مۇساپىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت، دەپ ھېسابلىغان. گېرمانىيىلىكلەر دۇنيانى بىر قانچە «مەدەنىيەت چەمبىرىكى» گە بۆلۈپ، «مەدەنىيەت چەمبىرىكى» نىڭ بوشلۇقتىكى تارقىلىشى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ھەر قايسى مىللەت ۋە ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەرىكەت ئىزنالىرىدىن ئىبارەت، دەپ قارىغان. ئەنگلىيىلىكلەر گېرمانىيىلىكلەردىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتكەن. ئۇلار، قەدىمكى مىسىر دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ «ئوچىقى»، باشقا ھەرقايسى جايلاردىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مىسىردىن تارقالغان، دەپ قارىغان، شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ خىل نەزەرىيىسى «فان مىسىر نەزەرىيىسى» دەپ، ئۇلارنىڭ ئېقىمىمۇ «فان مىسىر ئېقىمى» دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىككى خىل نەزەرىيىنىڭ تەسىرى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىللىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ياۋروپادا «فان ھىندى - ياۋروپائىزم» ئىلمىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئېقىم، ناھايىتى قەدىمكى

چاغلاردا ھىندى - ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئاق تەنلىك ئىرقىدىكى بىر ئىپتىدائىي ئىنسانلار گۇرۇھى بولغان، كېيىنچە، مۇشۇ گۇرۇھ ئىچىدىكى ياۋروپالىقلارغا ئوخشايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتكەن. نەتىجىدە، ئۇلار ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن مىللەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن، دېگەن قاراشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ قاراشنى قوللىغۇچى ئالىملار ھەممىشە دۇنيا مەدەنىيىتى ئەڭ دەسلەپ مۇشۇ «ئىپتىدائىي ھىندى - ياۋروپا كىشىلىرى» تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، كېيىن باشقا مىللەتلەرگە تارقالغان، دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشىدۇ.

يۇقىرىدا شەرھلەنگەن ۋاقتى ئۆتكەن ئىككى خىل نەزەرىيە مۇشۇ ئەسىردىن بۇيان مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ساھەسىدە «ئىقتىدارچىلار ئېقىمى»، «ئىجتىمائىيەتچىلەر ئېقىمى» ۋە «مەدەنىيەت قىممەت نىسپىيلىكى» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان «تارىخ ئېقىمى»نىڭ ئۇزۇل - كېسىل تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرىدى، «سوتسىيال دارۋىنىزم» يولۇققان ئەڭ قىيىن مەسىلە - مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغاندىكى شەكلى قانداق بولىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر يۈرۈش سېلىشتۇرۇش ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ شۇ خىلدىكى ئۆلچىمىگە بىنائەن، كىشىلەر يىمىرىلمەس فورمۇلا — ئىنسانلار بارلىق جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي تۈر، — دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ فورمۇلاسىدىن پايدىلىنىپ يەكۈن چىقارغاندا، تەتقىقاتچىلار تۇرۇۋاتقان غەربىي ياۋروپانىڭ مەدەنىيىتى ئەلۋەتتە ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت سانىلاتتى. بۇ فورمۇلا پۈت تىرەپ تۇرالمىغاچقا، كىشىلەرنى قايىل قىلالمايتتى. ئۇندىن باشقا، ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا قانداق رول ئوينايدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە: جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى جانلىقلار تۈرلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىنى قىلچە نەزەرگە ئالمايتتى. تەبىئىي تاللىنىشنىڭ ئىنتايىن ئادىل ھالدا ئەللەرنى تاللىشى، جانلىقلار تۈرلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ماسلىشىشچانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. لېكىن، ئادەملەر ئوخشىمايدۇ، ھەر - بىر كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىدىيىسى، ئىقتىدارى ۋە سۇبيېكتىپ ئىرادىسى بولىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ھەرخىل ئوخشىمىغان ئانالىزلار «سوتسىيال دارۋىنىزم»نى نەزەرىيە جەھەتتىن قالايمىقانلاشتۇرىۋەتكەن.

«مەدەنىيەت تارقىلىش نەزەرىيىسى» مەدەنىيەتنىڭ ئىجاد قىلىنىشى تەدرىجىي راۋاجلانغان بولماستىن، ئەقىل ئىشلەتكەنلىكنىڭ نەتىجىسى، مەدەنىيەت ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۈزلۈكسىز تارقىلىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ قايتا ئىجاد قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل نەزەرىيە تارىخى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇنى كىشىلەرگە قوبۇل قىلدۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تەن ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتى نېگىر ئىرقىدىكى بىر قانچە قوۋمنىڭ مىڭە سىغىمچانلىقىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مىڭە سىغىمچانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىرىنىڭ باشقا قوۋملارنىڭكىدىن كۆپ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغاچقا، باش سۆڭىكىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئىرقلارنى ئالىي، ناچار دەپ ئايرىشنى ئاساس قىلىدىغان تەتقىقات مېتودى ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدە سۈپۈرۈپ تاشلاندى. لېكىن غەرب ئەللىرىدە «ئاق تەنلىكلەر» = ھىندى - ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار = «مەدەنىيەت». بۇنداق قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىغان فورمۇلا يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ساقلانماقتا. ئىلىم ساھەسىدىمۇ ئۇنى قانات ئاستىغا ئالىدىغان بازارلار بار، نۆۋەتتە، غەرب ئەللىرىدە «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»نى ھەدەپ بازارغا سېلىۋاتقان ئالىملارنىڭ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىدىكى بىر قانچە ئېقىمنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشىدا، «مەدەنىيەت

نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» گە پەرۋا قىلماسلىقىدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بار. بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، بەزىلەر شىنجاڭدىن تېپىلغان قۇرۇق جەسەتلەرنى «ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىگىچە يېتىپ بارغان ياۋروپالىقلار»، ئۇلار جۇڭگولۇقلارغا «مەدەنىيەت» يەتكۈزۈپ بەرگەن، دېگەننى بازارغا سېلىپ، غەرب ئەللىرىدە «زىلزىلە» قوزغىغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، ۋىكتور مايىر (VictorMair)، پۇللېيبلانك (pulleyblank)، كاۋاللى سفورزا (Cavalli sforza) ۋە كىمبال داۋىد (Kimball David) قاتارلىقلارنىڭ غەرب مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنىڭ جەمئىيەتتە نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك زور تەسىر قوزغىغانلىقىنى ھېس قىلىشمۇ قىيىنغا توختىمايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

شىنجاڭدىن تېپىلغان بىر مۇنچە قۇرۇق جەسەتلەر قىياپەت جەھەتتىن ياۋروپالىقلارغا ئوخشايدۇ، بۇ خىل ئوخشاشلىق ياۋروپادىكى ئالىملارنى بەكلا ھاياجانلاندۇرىۋەتتى. ئۇلار جۇڭگو ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرەن قىلماي، ئىنتايىن بىمەنىلەرچە بۇ جەسەتلەرنى «ياۋروپادىن كەلگەن كىشىلەر» دەپ قاراشتى، كانادانىڭ مونترال شەھىرىدە چىقىدىغان «گېزىت» گېزىتىنىڭ 1994 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىدا: «شىنجاڭدىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ تېرىسى ئاق، چېچى سېرىق، كۆزى كۆك ھەم چوڭقۇر، قاڭشارلىق بولۇپ، سوقىباش كاپكاز ئىرقىغا تەۋە، ئۇلار شىمالىي ياۋروپادىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋىكتور مايىرمۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ياۋروپادىن كەلگەن، دېگەن پىكىرنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ 1998 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئامېرىكا نوۋا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىسىدا: «ئېنىق بولمىغان ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋردە ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ غەربتىن شەرققە كۆچۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن»، دېگەن پىكىرنى بايان قىلدى. ئۇ يەنە بۇ قەدىمكى كۆچمەنلەرنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە «توخرى تىلى» دا سۆزلىشىدىغانلىقىنى كۆچەپ تەرغىپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇ كىشىلەرنىڭ «ھىندى - ياۋروپالىق» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. قۇرۇق جەسەتلەر بايقالغان قىزىل چوققا خارابىلىكىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1200 - يىللارغا مەنسۇپ مېتالدىن ئىشلەنگەن قازان - قومۇچ، ھارۋا چاقى قالدۇقلىرى ۋە ئات جابدۇقلىرى تېپىلغان. بۇ بايقاش غەرب ئالىملىرىنىڭ «بۇ ياۋروپالىقلار» مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى، ئات مىنىش ماھارىتى ۋە ھارۋا ياساش تېخنىكىسىنى جۇڭگوغا تارقاتقان، دېگەن قاراشىنى كۆز - كۆز قىلىشىغا دەستەك بولۇپ قالدى. «ئىلىم - پەن ئاخباراتى» نىڭ 1995 - يىل 2 - ئايدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان بىروكې بوۋېر (BruceBowor) نىڭ ماقالىسىدا: «بىرونزا تاۋلاش تېخنىكىسى ۋە ئات مىنىش ماھارىتىنى ئېھتىمال ياۋروپالىقلار جۇڭگوغا تارقاتقان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قاراش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋىكتور مايىرمۇ: بۇ خىل قاراش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، چۈنكى، جۇڭگو ئىلىم ساھەسى ئېزچىل ھالدا جۇڭگو مەدەنىيىتى غەربتىن تارقالغان ئەمەس، دەپ قاراپ كەلدى دەپ، بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلىدى. ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ستانفو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى گېنشۇناس كاۋاللى سفورزا 1994 - يىلى «گېزىت» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدا: «ئۇ جەسەتلەرنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكى ياۋروپالىقلارغا قەۋەتلا ئوخشايدۇ، مېنىڭچە، ئۇلار شىمالىي ياۋروپادىن كەلگەن. مەن ئۇلارنى شەرق تامان سەپەر قىلىپ، شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ‹رازۋېتكا ئەسكەرلىرى› دەپ پەرەز قىلىمەن» دەپ يازسا، ۋىكتور مايىر «بۇ جەسەتلەر جۇڭگو ئالىملىرىنى ‹قايمۇقتۇرىۋەتتى› دەپ قارىدى ھەم «گېزىت» گېزىتىنىڭ شۇ كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدا: «مېنىڭچە جۇڭگولۇقلار كاپكاز ئىرقىغا تەۋە بۇ

جەسەتلەرنى بايقىغاندىن كېيىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى، چۈنكى ئۇلار بۇ جەسەتلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەتنى جۇڭگو تارىخ سىستېمىسىغا قانداق كىرگۈزۈشنى بىلەلمىدى»، دەپ يازدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بارلىق نۇقتىئىنەزەر ۋە قاراشلارنىڭ ھەممىسى قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىغان بىمەنە قاراشلاردۇر. پېقىرنىڭ بىلىشىچە، ياڭ لىنىنىڭ شياڭگاڭدا چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى ۋىليام لوۋىتخارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى تەنقىد قىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھەر قانداق بىر جۇڭگو ئالىمى يۇقىرىقى قاراشنى تەنقىد قىلىپ باققان ئەمەس. لوۋىتخارنىڭ ماقالىسى 1994 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شياڭگاڭدىكى «كۆزنەك» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. بۇ ئانچە تەسىرى يوق كىچىك بىر گېزىت بولغاچقا، لوۋىتخارنىڭ ماقالىسىنى جىق ئادەملەر كۆرمىگەن. بۇ مەسىلە يالغۇز ئىلمىيلىكنىڭ كەمچىللىكىگىلا تاقىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ بېرىپ تاقىلىدۇ، پېقىر، نۆۋەتتە غەرب ئالىملىرىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆز قاراشلىرىغا كەسكىن تەنقىد يۈرگۈزۈش زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

قەدىمدە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان شىنجاڭدا ئوخشىمىغان ئىرقتىكى كىشىلەر ياشىغان. بۇ خېلىدىن بېرى كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىۋاتقان ھەقىقەت. جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»نىڭ 97 - جىلد (ئۇدۇن ماددىسى) دا: «ئىدىقۇتنىڭ غەربىدىكى ئەللەردە ئورا كۆز، قاڭشارلىق كىشىلەر ياشايدۇ»، دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. تاڭ دەۋرىدىكى يەن شىگو ئۇيسۇنلارنىڭ قىياپىتى ئۈستىدە توختالغاندا: «غەربىي ئەلدىكى رۇڭلار ئىچىدە، ئۇيسۇنلارنىڭ قىياپىتى ئەڭ ئۆزگىچە، ... كۆك كۆز، ساقاللىق» دەپ كۆرسەتكەن①. تاڭ دەۋرىدىكى ئەنشى تۇتۇق بېگى گەي خېشىن يازغان «غەربىي ئەل خاتىرىلىرى»دە: «قىرغىز ئېلىنىڭ ئادەملىرى قىزىل چاچ، كۆك كۆز كېلىدۇ؟»، دېيىلگەن، پەقەت جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدىن خەۋىرى يوق كىشىلەرلا شىنجاڭدىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ يېڭى بايقاش سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىدۇ، خالاس.

جۇڭگولۇق ئىنسانشۇناس خەن كاڭشىن رۇس ئىنسانشۇناسى گېنزبورگىننىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدا، مەسىلەن: ئافاناسىيېۋ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000- يىللاردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1500 - يىللار) ۋە ئاندىرونوف (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1500 - يىللاردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللارغىچە) ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ ئورتاقلىق مەۋجۇت، ئۇلار ھازىرقى غەربىي ياۋروپالىقلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ، ② دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا، مايىر قاتارلىقلارنىڭ «شىنجاڭدىن تېپىلغان قۇرۇق جەسەتلەرنىڭ مەنبەسى غەربىي جەنۇبىي ياۋروپادا» دېگەن قارىشىنىڭ قىلچە ئىلمىي ئاساسى يوق.

ئۇندىن باشقا، جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان ۋە ۋېنگرىيە ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا شەرقىي ياۋروپادا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىرقىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە قەدىمكى شىنجاڭ ئاھالىسى بىلەن روشەن ئورتاقلىققا ئىگىدۇر③. بۇ قەدىمكى شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھىندى - ياۋروپا سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلق بولۇشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. خەنزۇشۇناس رېن يىفېي ۋە ئۇيغۇر ئالىمى ياسىن ھوشۇرلارنىڭ كۆرسىتىشىچە ئۇيغۇرلار ئىرقىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. 1. يەكەن دەرياسى بويىدىكى مارالبېشى، خوتەن ۋە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلاردا ياۋروپا

ئىرقىنىڭ پامىر - پەرغانە تىپى (ئوتتۇرا ئاسىيا ئىككى دەريا تىپى) گەۋدىلىك. 2. دولانلاردا، كەلپىن، ئاقسۇ ۋە پەيزاۋاتلاردىكى ئۇيغۇرلاردا جەنۇبىي سىبىرىيە ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى گەۋدىلىك. شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇل، تۇرپان، كورلا قاتارلىق جايلاردىمۇ جەنۇبىي سىبىرىيە تىپىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. 3. ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئۇزۇن - ئوتتۇرا باشلىقلار تىپىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئىرقى گۇرۇھىغا مەنسۇپ يەنە بىر قىسىم ھىندى - ئافغان ئىرقى تىپىمۇ بار④. يۇقىرىقى 3 خىل ئىرقىي تىپ ئومۇمەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئىرقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ياۋروپا بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدۇر. ئۇندىن باشقا، ئىنسانشۇناسلارنىڭ شىنجاڭنىڭ لوپ ناھىيىسى سانپۇل قەبرىستانلىقىدىكى 2000 يىل ئىلگىرىكى شام گۆردىن تېپىلغان 2 دانە باش سۆڭەكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە ئاساسلانغاندا، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن باش ھەيكىلىنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، كۆزى چوڭقۇر، قاڭشارلىق بولۇپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە بۈگۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكلىرىگە بەكلا ئوخشايدىكەن⑤. بۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى يالغۇز تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنىلا ئەمەس، يەنە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى دائىم يەر نامىنى ۋە مەلۇم مىللەتنىڭ نامىنى ئىرقىي نام سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. لېكىن، كۆپ ھاللاردا ئىرق نامى شۇ نامغا مۇناسىۋەتلىك نامغا ئىگە مىللەت ياكى يەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ چىقىدۇ. ئاق تەنلىكلەر ياۋروپا ئىرقىمۇ دېيىلىدۇ. سېرىق تەنلىكلەر يەنە موڭغۇل ئىرقىمۇ دېيىلىدۇ، لېكىن ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ پەقەت ياۋروپادىلا ئولتۇراقلىشىش ۋە ياۋروپادىلا پەيدا بولغان بولۇشى مۇقەررەر ئەمەس. بۇ خۇددى خەنزۇلار گەرچە موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە بولسىمۇ، موڭغۇل مىللىتى بولمىغانلىقىغا ئوخشاش ئىش. ياۋروپالىقلار بىلەن ياۋروپا ئىرقىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىككىنى بىر نەرسە دەپ قاراش بىلىمسىزلىكنىڭ نەتىجىسى. بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ھەقتە ماقالە يازغان غەرب ئالىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئانتروپولوگ ئەمەس، ھەتتا ئىنسانشۇناسمۇ ئەمەس، مەسىلەن: مايىرنى ئالساق، ئۇ بىر خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ ئىنسانشۇناسلىق بىلىملىرىگە چولتا بولغاچقىلا ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان شىنجاڭ قەدىمكى جەسەتلىرى بىلەن غەربىي ياۋروپادىن ئىبارەت جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن.

مەلۇمكى، ئىرق - ئىرسىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، تىل بولسا كېيىنكى چاغلاردىكى ئۆگىنىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش يوق. خەنزۇلار، موڭغۇللار، كورېيىلىكلەر ۋە ۋېيتنامدىكى چىڭزۇلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە، لېكىن ئۇلارنىڭ تىلى ئوخشىمىغان تىل سىستېمىلىرىغا مەنسۇپ. ئوخشاشلا، ياۋروپا ئىرقى بىلەن ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: فىنلاندلار بىلەن ۋېنگىرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاق تەنلىك بولسىمۇ، لېكىن فىنلاند تىلى بىلەن ۋېنگىر تىلىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى ئۇرال - ئالتاي تىل سىستېمىسىغا تەۋە. گەرچە، ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن ئىرق بىلەن تىل ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. ئومۇمەن، تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن خەۋىرى بار كىشى بۇ قائىدىنى چۈشىنىدۇ. پېقىرنىڭ قارىشىچە، ھەممىلا يەردە شىنجاڭدىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ «ياۋروپالىق» ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ يۈرگەن ئالىملارنىڭ ھەممىسى بۇ ئاددىي قائىدىنى

چۈشىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان ئوقۇملارنى قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشى «فان ھىندى - ياۋروپائىزم»نى تەشۋىق قىلىشنى مەنبە قىلغان.

قىزىل چوققىدىن ھارۋا چاقى قالدۇقلىرىنىڭ تېپىلىشىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ ھارۋا ياساش تېخنىكىسىنى شىنجاڭدىن ئۆگەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شاڭ سۇلالىسى خارابىلىرىدىن ھارۋا چاقى قالدۇقلىرى تېپىلغان. چىغناق - تاغاق يېزىقىدىكى «ھارۋا» خېتىدىمۇ 2 دانە ھارۋا چاقى رەسىمى سىزىلغان⑥.

خۇلاسە شۇكى، بىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان، ئاق تەنلىكلەر ئىرقىغا مەنسۇپ قورۇق جەسەتلەر ياۋروپا بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، بەلكى ئاسىيا، بولۇپمۇ شىنجاڭغا يېقىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغانىكەن، ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىمۇ غەربىي ياۋروپادىن تارقالغان بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى جەسەتلەر «ھىندى - ياۋروپا ئىرقى»نىڭ ئىلغارلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ؛ «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غەربتىن تارقالغانلىقى»نى تېخىمۇ ئىسپاتلىيالمايدۇ. شىنجاڭدىن تېپىلغان قۇرۇق جەسەتلەرنى مۇشۇ مۇددىئا بىلەن تەتقىق قىلىشنىڭ قىلچە ئىستىقبالى يوق. ئۇنى پەقەت شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى تەن قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، ھەم توغرا خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ئۇيسۇن ماددىسى

③② خەن كاڭشىن «يېپەك يولىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئۈستىدە ئىرقى ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 367 - 368، 407 - بەتلەر

④ رېن يىفېي، ياسىن ھوشۇر «ئۇيغۇر مىللىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى 10 - بەت

⑤ خەن كاڭشىن، زوچۇڭشىن «سانپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان باش سۆڭىكى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» «ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقى» ژۇرنىلى 1987 - يىل 5 - سان.

⑥ۋاڭ خۇڭيۈەن «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە دەسلەپكى ساۋات»، جۇڭگو تىلى ئوقۇتۇش نەشرىياتى 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 142 - بەت.

خەنزۇچە «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1998 - يىللىق 4 - سانىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان ئىمىن

تەرجىمە تەھرىرى: ئابلىز ئورخۇن

# XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى توغرىسىدا

سەئىدە ئابدۇخەمىتوۋا

ئاساسلىق مىللىي ئەنئەنىلەر ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ فېئوداللىق دىنىي ئەخلاقنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئىدى. كاپىتالىزمنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ۋە تۇرمۇشىدا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەردىن كېلىپ چىققان ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغان. بولۇپمۇ توي ۋە دەپنە ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك دىنىي ئۆرپ - ئادەتلەر بەكرەك گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك دىنىي ئادەت بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ توي قىلاتتى. بۇنداق دىنىي ئادەتلەرگە مۇخالىپ كېلىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتلەر ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش پېشقەدەملەرنىڭمۇ ئابرويىنى قوغدىغانلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى. دىنىي ئادەتلەرنىڭ مۇنداق مۇستەھكەم بولۇشىدىكى سەۋەب دىنىي پائالىيەتچىلەرنىڭ ئۇنۇملۈك ئىشلىگىنى ۋە ئەنئەنە كۆز قارىشىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلارغا قوشنا خەلقلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ھەر قايسى دۆلەت، رايونلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىدە ھەمدە ئادەتلىرىدە ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەر پەيدا بولغان. XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كىچىك ئائىلە تۈزۈمى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە بولسىمۇ، ئەمما چوڭ ئائىلە ئادەتلىرىنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا كۈچلۈك بولغانىدى (پېۋسوف: «قەشقەرىيە ۋە كوئېنلۈنغا ساياھەت» موسكۋا، 1949 - يىل 130 - بەت). ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىكى پاترىئارخاللىق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دادا ئائىلە باشلىقى بولۇپ، ئۇ ئائىلىسىنىڭ بىردىن بىر باققۇچىسى، شۇنداقلا ئائىلە بايلىقىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ۋە تەقسىم قىلغۇچى ئىدى.

ئۇيغۇرلاردىكى كىچىك ئائىلە تۈزۈمى تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى قۇرۇلغان ۋاقىتلاردىن باشلانغان (IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا). ئۇ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بىرگە پەيدا بولغان. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئائىلە مىراس قالدۇرۇش يولى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلۈكلىرىنى ساقلاشقا تىرىشاتتى (د. ئي. تىخونوف: «XVI ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي تۈزۈمى»، 1966 - يىل موسكۋا - لېنىنگراد، 229 - بەت). شۇڭلاشقا ئائىلە بايلىقىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تۇغقانلار ئارا توي قىلىش ئەقەللىي ھادىسە بولۇپ قالغانىدى. چوڭ پاترىئارخاللىق ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كىچىك ئائىلىلەرگە بۆلۈنۈشى جەريانىدا ئاتا - ئانا ۋە ئۆيلەنگەن ئوغۇللاردىن ئىبارەت 2 ئەۋلادتىن

تۇزۇلگەن بۆلۈنمەس ئائىلىلەر پەيدا بولدى. ئائىلە ئەزالىرى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە، مەلۇم مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. نەتىجىدە، ئائىلىدە ئەمگەك تەقسىماتى شەكىللەندى. ئائىلىدىكى ئەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەر - ئاياللىڭ ئىقتىساد يارىتىش جەھەتتىكى تەڭسىزلىكى تۈپەيلىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، «ئۆي ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇ پەقەت خۇسۇسىي مەشغۇلاتقا ئايلىنىپ قالدى. ئايال ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشتىن چەتلەشتۈرۈلۈپ، ئائىلىدىكى ئاساسلىق چاكار بولۇپ قالدى» («ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 21 - توم، 96 - بەت). ئايال ئۆي ئىشلىرىدا خوجايىن، ئەمما، پۈتكۈل ئائىلە ئىشلىرىدا خوجايىن ئەمەس ئىدى. ۋ. م. پېۋسوف قەشقەرىيىدىكى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا خاتىرىلىنىشچە، ئەرلەر ئادەتتىكى كۈنلىرى ئېتىزغا ئەمگەككە بارسا، ھېيت كۈنلىرى مەسچىتكە بارىدۇ. چارۋىلاردىن خەۋەر ئېلىش، ئوتۇن يېرىش ۋە ئۇششاق كېرەكلىك بويۇملارنى سېتىۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قىش كۈنلىرى قىلىدىغان ئىشلىرى ئىدى. ئاياللار ئۆي ئىشلىرىدا باش بولۇپ ئىشلەش بىلەن بىرگە يەنە يېنىك ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتى، رەخت ۋە گىلەم توقۇيتتى. كىيىم تىكەتتى. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەر - ئايال بىرلىكتە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا بازارغا باراتتى، يىغىلىقلاردىن خەۋەر تاپاتتى. يىقىنلىرى ۋە تونۇشلىرى چاقىرغان «تاماشا» دەپ ئاتىلىدىغان كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشاتتى. ئىلىلىقلار دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. لوپنۇرلۇقلار ۋە تارىملىقلار بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تەرەققىي قىلغان (پرژېۋالسكى. : «غۇلجىدىن تەڭرىتاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ۋە لوپنۇرغا ساياھەت»، موسكۋا، 1949 - يىل، 50 - بەت). تۇرپانلىقلار پەقەتلا دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان (گرۇم گرژىمايلو «غەربىي جۇڭگوغا ساياھەت خاتىرىسى»، موسكۋا، 1948 - يىل، 214 - بەت). يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئۈزۈمچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن ئىبارەت. قەشقەر، خوتەن، ئاتۇش، ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى تەرەققىي قىلغانىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئاھالە ئادەتتە مۇتەئەسسىپرەك كېلىدۇ. شۇڭا تاكى بۈگۈنگىچە كۆپچىلىك مىللىي ئادەتلەر ۋە ئائىلە ئەنئەنىلىرى داۋاملىشىپ، ئۆزگەرمەي كەلدى. تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن ئائىلە ئەنئەنىلىرى كۆپلىگەن خۇراپاتلىقلار بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆيگە ئامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قاراپ، ئوچاقتا ئوتنى ئۆچۈرمەي ساقلايدۇ. كۈلنى ھەرگىز كۈندۈزدە ئېلىپ چىقىپ تۆكمەيدۇ، بەلكى كېچىدە ياكى ئەتىگەندە تاڭ ئاتقىچە ئېلىپ چىقىپ تۆكىدۇ. ئۆيدە چاچ ۋە تىرناق ئالمايدۇ. ئۆينى كېچىسى سۈپۈرمەيدۇ. بالىلارغا ۋە ئۆيگە باشقىلارنىڭ كۆزى تەگمەسلىكى ئۈچۈن ئالدىرىماستىن ئىسرىق سالىدۇ. سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆيدىكىلەرگە بەختسىزلىك كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىر نەرسە تىكمەيدۇ. بۇ بىر قاتار چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ كۆپ ياخشى تەرەپلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى تازىلىقنى ساقلاش ۋە بىخەتەرلىكنى ئاسراشنى مەقسەت قىلغان. يەنە قوينىڭ تاغاق سۆڭىكى، ئۇششاق تاشلار، «قۇرئان» ۋە باشقىلار ئارقىلىق پال سېلىشتەك خۇراپاتلىقلارمۇ بار ئىدى. باخشىلار كېسەل داۋالاش بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئەلۋەتتە، خۇراپاتلىق ئىجتىمائىي جەھەتتىكى كاپالەتسىزلىك ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئوقۇش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ھەق تۆلەشكە توغرا كېلەتتى.

خۇددى يۇسۇپ خاس ھاجىپ «بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش چەكسىز دېڭىزغا ئوخشاش» دەپ كۆرسەتكەندەك، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە بالىلار تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ. ئوغۇل

بالىلار دادىنىڭ، قىز بالىلار ئانىنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ. بالىلار ناماز ئوقۇشنى ۋە ئەدەب - قائىدە، ئىززەت - ئىھتىرامنى ئۆگىنىدۇ. 5 ياشتىن 7 ياشقىچە ئۈسمۈرلەر ئەمچەكتىكى بوۋاقلارنىڭ ياخشى باققۇچىسى بولىدۇ. 10 ياشلاردىن باشلاپ ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەقىقىي ياردەمچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. دادىلار ئوغۇل تۇغۇلغىنىدىن بەك خۇش بولاتتى. شۇڭا، خەلقتە «ئوغۇلى بارنىڭ ئۆزى بار، قىزى بارنىڭ ئىزى بار»، «دۇنيادا پەرزەنتتىن قىممەتلىك ھېچ نەرسە يوق» دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر پەيدا بولغان. ئوغۇللار پادا باقىدۇ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدۇ. قىزلار ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. شارائىت بالىلارنى تېز ئۆستۈرىدۇ. ئاتا - ئانىلار يۈگۈرۈپ ئويناپ، شوخلۇق قىلىپ يۈرگەن بالىلارغا ئۆز ئۈمىدلىرىنى باغلايدۇ. ئاتا ئائىلە ئىشلىرىنىڭ كونكرېت تەشكىللىگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ ۋە پايدىلىق ئائىلە ئەمگىكىگە كۆندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا «ئاتا قانداق بولسا، بالا شۇنداق بولىدۇ»، «ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، ئوغلۇڭدىن شۇنى كۆرەرسەن» دېگەن ماقال - تەمسىللەر پەيدا بولغان.

ئەمدى، قانۇن رۇخسەت قىلغان كۆپ خوتۇنلۇق (كۆپ نىكاھلىق) ئائىلىلەر ئۈستىدە ئازراق توختىلىمىز:

شەرىئەت كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى قوللىسىمۇ، لېكىن، بۇ ھال پەقەت ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى باي ئائىلىلەردە كۆرۈلىدۇ. ئىسلام دىنى ئەر كىشىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋالدىلا ئاندىن كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلىدۇ. كەمبەغەللەر دائىم 40 - 50 ياشلارغىچە ئۆيلىنەلمەيدۇ. ئىقتىسادىي سەۋەب ۋاقىتلىق نىكاھلارنىڭمۇ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان، ۋاقىتلىق نىكاھ بىر ھەپتىلىك ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاقراق بولاتتى (كورپاتكىن: «قەشقەرىيە»، سانكت پېتربورگ، 1979 - يىل، 29 - بەت). ئالاھىدە ئەھۋال سۈپىتىدە قەشقەرىيىنىڭ ۋاقىتلىق تۇرغۇنلىرى بولغان سودىگەرلەر مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىتلىق نىكاھلىناتتى. بۇنداق نىكاھ ئىقتىساد بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، ئەر چوقۇم ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ۋاقىتلىق ئايالىنى كېيىندۈرۈشى، ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك ئىدى (چ. ۋەلىخانوف: «ئەسەرلەر توپلىمى»، ئالمۇتا، 1985 - يىل، 2 - توم 280 - بەت). چوقان ۋەلىخانوف ماركوپولونىڭ XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە، نىكاھ مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىدىن مەلۇمات ئېلىپ، بۇ ئادەتلەرنى ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرى، دەپ قارايدۇ.

قېيىنچىلىق، مۇھتاجلىق، كەمبەغەللىك سەۋەبىدىن ئاتا - ئانىلار قىزلىرىنى 12 يېشىدىن باشلاپلا ئەرگە بېرىۋېتەتتى. بالىلارنىڭ توي ئىشلىرىنى ئاتا - ئانىلار بىر تەرەپ قىلاتتى. شۇڭا، خەلق ئىچىدە مۇشۇنداق كىچىك ئەرگە بېرىۋېتىلگەن گۈلەمخان ۋە پۇچۇنخان قاتارلىق قىزلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى ناخشىلار تارقالغان.

ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئايال كىشىنىڭ تەقدىرى بارلىق سىنىپىي جەمئىيەتلەردىكىگە ئوخشاش ئىدى. ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاياللارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ئىسلام ئاياللارنىڭ تەقدىرىنى ئەرلەرگە باغلاپ، ئاياللارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇشىنى، ئەرنى ھۆرمەتلىشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇنداقلا ئاياللارنىڭمۇ تېگىشلىك ئورنىغا ئېتىبار بېرىپ، ئەرلەرنى ئۇلارنى ھاقارەتلىمەسلىك، قول قىلماسلىق، ئۇرۇپ ئازار بەرمەسلىككە ئۈندەيتتى. ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۇيغۇر ئاياللىرى ئېرىدىن كېيىن دادىسىغا بېقىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى جەمئىيەتتىكى ئەھۋالىنى بەلگىلەيدۇ. بىراق شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، ساياھەتچىلەرنىڭ مەلۇماتىچە، ئۇيغۇر ئاياللىرى خېلى زور مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، بىر قانچە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ئوخشاش ئەرلىرىگە قول سۈپىتىدە خىزمەت قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ (م. ۋ. پېۋسوف: «قەشقەرىيە ۋە كۇئېنلۇنغا ساياھەت»، سانكت پېتربورگ، 1979 - يىل 108 - بەت). مانا

بۇ مەن تەكتلىمەكچى بولغان ئاساسىي ئىدىيە. يەنە ئىسلام ئەنئەنىسىنىڭ كۈچلۈك، ئاجىزلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان رېگوناللىق ئالاھىدىلىكىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش كېرەك. بىر خەلقنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ خاتىرىلىرىدە «كىچىك بۇخارا (قەشقەرىيە) دا ئۇلارنىڭ كۆپلىرى تارىخىي، ئاتاغلىق ناملارنى قالدۇرغان» دەپ كۆرسىتىلگەن. قەشقەرىيەدىكى ئاياللارنىڭ مۇنداق زور ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشىنىڭ مەنبەسىنى قەدىمكى چاغلاردىنمۇ ئىزدىشىمىز كېرەك. قەدىمكى تارىخنامىلەردە V، VI ئەسىرلەردە خوتەن ئاياللىرىنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر سورۇندا مېھماندا بولىدىغانلىقى يېزىلىدۇ. (پېۋسوف: «قەشقەرىيە ۋە كوئېنلۈنغا ساياھەت»، موسكۋا، 1949 - يىل، 131 - بەت). XIX ئەسىرنىڭ 60 — 70 - يىللىرىدا ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، دىنىي ئادەتلەرنى كۈچەيتتى. ئاياللار يۈزىنى يېپىپ يۈرىدىغان بولدى. پاھىشىۋازلىق قاتتىق چەكلەندى. ۋ. م. پېۋسوف ئەرلەر ئائىلىسىدە ئاياللارنىڭ مەسلىھەتسىز ۋە رازىلىقىسىز ھېچقانداق مۇھىم ئىشلارنى قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. بۇ ئاددىي ئەمگەكچىلەر ئائىلىسىنىڭ خاراكتېرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى پەرەنجە تارتماي پەقەت يۈزىنىلا نېپىز ئاق ياغلىق بىلەنلا ئورىۋالىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى شىنجاڭ ئاياللىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ۋ. ئي. دوبروۋسكى خاراكتېرىستىكا بېرىپ، ئەر - ئايال ئاجراشقاندا پەرزەنتلەر دادىسى بىلەن قالىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى (ئى. ئي. گرۇم گرژىمايلو: «غەربىي جۇڭگوغا ساياھەت»، موسكۋا، 1948 - يىل، 242 - بەت). ئاجرىشىشنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى كۆپىنچە ئاياللارنىڭ شەخسىي ئوبرازى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كۆپ ئەرلەر ئاياللىرى بىلەن پەرزەنتلىرىنى كۆڭۈلسىز تەقدىرگە دۇچار قىلاتتى.

گرۇم گرژىمايلو ئۇيغۇر ئاياللىرى بىلەن خەنزۇ ئاياللىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاياللارنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، تۇرپاندا ئاياللار ئەركىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، «شەرقىي تەڭرىتاغ يەرلىرىدىكى ئەر - ئايال ئىككى جىنسىنىڭ ھازىرقى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئېنىقكى، خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان» (گرۇم گرژىمايلو: «غەربىي جۇڭگوغا ساياھەت»، موسكۋا، 1949 - يىل، 242 - بەت) دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۇلارغا قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى ئاساس بولغان. ئەركىنلىك، ئاياللارنىڭ تەڭ باراۋەرلىكى تۇرپان جەمئىيىتىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئىسلامنىڭ تەسىرى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن. مەنبەلەردە ئۇيغۇر ئاياللىرى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ ناھايىتى گۈزەل ئىكەنلىكى، بالدۇر پىشىپ يېتىلىدىغانلىقى ۋە ئەرگە تېگىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ياخشى رەپىقە ۋە ياخشى ئانا بولىدىغانلىقى كۆپرەك يېزىلغان. ھاياتنىڭ بۇخىل يارقىن بەتلىرى، توي ئادەتلىرى بۇنىڭ بىلەن تونۇش بولمىغان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالدى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال.

ئومۇمەن توي قائىدىلىرى مۇتەئەسسىپلىككە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى پەيدا بولغان چاغلىرىدىكى ئالامەتلىرى ساقلانغان. بۇرۇنقى توي ئادەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن، يېڭى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي شارائىت بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالمايدىغان ئېلېمېنتلىرى ساقلىنىپ قېلىپ، يېڭى ئادەتلەر ئىچىگە قوشۇلۇپ، كونا، قالدۇق ھادىسىلەر شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مەسىلەن: ئوتنى ئايلىنىش ئادىتى ئەشۇ ئوتقا چوقۇنۇش ۋاقتىدىن قالغان.

توي ئادەتلىرى مۇنداق:

1. ئەلچى قويۇش، سۆزلىشىش، رازىلىق ئېلىش.

2. نىكاھ ئوقۇش ۋە توي مەرىكىسى

3. تويدىن كېيىنكى مۇراسىملار.

تويىنىڭ باسقۇچلىرى:

1. قىزنىڭ ئۆيىدە نىكاھ ئوقۇپ، توي

مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش

2. قىز كۆچۈرۈش

3. يىگىتنىڭ ئۆيىدە توي ئۆتكۈزۈش

ئايال تۇغقاندىن كېيىن، ئادەتتە 20 — 40 كۈنگىچە تاماق ئېتەلمەيدۇ ۋە نان ياقالمايدۇ. بىرىنچى قېتىملىق تۇغۇتتا ئانا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. بالىنىڭ ئىسمى دىنىي زاتلار تەرىپىدىن قويۇلىدۇ. كېيىن، بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈلۈپ، ياش ئانا بالىسى بىلەن ئېرىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئوغۇل 6 — 7 ياشلارغا كەلگەندە خەتنە تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇلار چوڭ ئائىلىۋى مۇراسىملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەنئەنە ۋە پسىخولوگىيىسىدە ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە ئورتاق ياشاش مەدھىيىلىنىپ، ئاياللارغا، ئانىغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ئەڭ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ئورنى مۇھىم دەپ قارىلىپ، «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەرقىلغانمۇ خوتۇن»، «ئانا ئايىغى جەننەت» دېگەندەك، ئەر - ئايال ۋە ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت توغرىسىدا كۆپلىگەن ماقال - تەمسىللەر قالدۇرۇلغان. يەنە «قۇمۇل ناخشىلىرى»، «شازادىخان»، «يار سېنىڭ دەردىڭ» دېگەندەك ناخشىلاردىمۇ بۇ خىل مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلەر خەلق ئەنئەنىسىگە ئېتىبار بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرىدە ئاياللارنىڭ ئەخلاقى ۋە گۈزەللىكى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

ۋ. م. پېۋسوف، ن. م. پرژېۋالسكى، ئە. ئې. گرۇم گىرژىمايلو قاتارلىقلار قەشقەر، لوپنۇر، تارىم، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ، توي مۇراسىملىرى توغرىسىدا يازغانىدى. تويدا نەغمە - ناۋا قىلىنىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. ئۇيغۇر ۋەتىنىگە كەلگەن ھەر قانداق كىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى كۆرۈۋالايدۇ (ن. ن. پانتۇسوف: «تارانچى ناخشىلىرى»، سانكت پېتربورگ، 1890 - يىل، 3 — 18 - بەت). ناخشا - مۇزىكىلاردا خەلق ھاياتى، مۇھەببەت ۋە دوستلۇق، ئۆرپ - ئادەتلەر، ئەزگۈچىلەرگە بولغان نەپرەت، تارىخنى تەقدىر قاتارلىقلار كەڭ ئەكس ئەتكەن.

ئەنئەنە ۋە ئۆرپ - ئادەت ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگىچە بولغان جەرياندا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تۇنجى پەرزەنت ئايالنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلىدۇ. بىر ئاي بۇرۇن ئاتا - ئانا ئېغىر بوي قىزىنى ئۆيىگە ئەكىلىۋالىدۇ. قىز توي قىلىپ، ئەرنىڭ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن، ھەرخىل شەكىلدە ئاتا - ئانىسى بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. ھەر جۈمە كۈنى ئاتا - ئانىسىنى يوقلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئەركىشى ئايالنىڭ ياخشى ئەخلاقى ۋە راستچىللىقىغا قاراپ ئۆيلىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇ «ئەگەر ئۇنىڭ ئەخلاقى بولسا، ياخشى تەرەپلىرى بولسا، ئۇ سېنىڭ بەختىڭنى يورىتىدۇ» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىگ»، تاشكەنت، 1971 - يىل، 103 - بەت) دەپ مۇھەببەت ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نىكاھ ھەققىدە ئۆز مەسلىھىتىنى بەرگەنىدى. ئۇ يەنە ئەرنىڭ قانداق ئاياللارغا ئۆيلەنگەندە بەختلىك بولىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ، بايلىق، چىراي، نام - ئابروي، ھوقۇق ۋە ئېسىلزادىلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئاياللارغا ئەمەس، ئەكسىچە، پاك - دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق ئاياللارغا ئۆيلىنىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پەقەت ياخشى ئەخلاق بولغاندىلا، ئائىلىنى مۇستەھكەملىگىلى، گۈللەندۇرگىلى بولىدىغانلىقىنى، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلەپ، جەمئىيەتكە ھەسسە قوشقىلى، پايدىلىق ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، قىسقىسى، ئائىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىز بۇنىڭدىن ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىلا ئائىلە مەسىلىسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇھىم مەسىلە دەپ قارىلىپ، ئائىلە مەسىلىسى دۆلەت، خەلق، مىللەت مەنپەئەتى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى كىشىلەرنىڭ ئەينى چاغدىلا چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئائىلە مەسىلىسى، ئەر - ئاياللارنىڭ پاك ئەخلاقى، مۇھەببىتى ۋە باشقىلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن باشلاپلا ئەدىپلەرنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ كەلگەن، سانسىزلىغان ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ تېما باشتىن ئاخىر مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئامانىساخان، نۇزۇگۇم، مايىمخان، گۇلەمخان، گۇلئايىم، چىن مودەن، رىزۋانگۇل قاتارلىق ئەخلاق - پەزىلەتلىك، پاك مۇھەببەت، ئائىلە ئۈچۈن، ئۆزى سۆيگەن مۇھەببەتلىرى ئۈچۈن، ئەرلىرى ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن جان - پىدا قىلغان ئاياللارنىڭ ئالىيجاناپ ئوبرازى گەۋدىلەنگەن داستان، چۆچەك، رىۋايەتلەر تارقالغان، بەدىئىي ئەسەرلەر يېزىلغان. مەلۇمكى ، ئاياللار ئوبرازى، ئاياللارنىڭ ھۆرمىتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە باشتىن ئاخىر يۇقىرى بولۇپ كەلگەن. تارىختا ئۇيغۇرلاردىن مۇنداق سانسىزلىغان ئايال قەھرىمانلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى، بەلكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئورنىنىڭ باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرگە قارىغاندا يۇقىرى بولغانلىقى، ئاياللارغا نىسبەتەن باراۋەرلىك، كەڭچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلاردا كۈچلۈكرەك بولغانلىقى، قىسقىسى فېئودال خوراپاتچىلىقنىڭ چەكلەنگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. XIX ئەسىردىكى رۇس ساياھەتچىلىرى قەشقەرىيىدە ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقىغا قارىماي، يەنىلا بۇ خىل ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ كەملىكى، ئاياللارنىڭ يۈزىگە پەرەنجە تارتماي، ئىجتىمائىي يىغىلىشلارغا قاتنىشىش ئەركىنلىكى، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلغا بولغان ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى ھېرىسلىقى ۋە باشقىلاردا ئىپادىلىنىدۇ. XIX ئەسىردىكى مۇسۇلمان دۇنياسىغا نىسبەتەن بۇ بىرخىل ئىلغارلىق ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقىدە قەدىمكى مەشرەپ ئادىتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەشرەپ كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت. پېۋسوف ئۇيغۇرلاردا روزى ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە نورۇزدىن ئىبارەت ھەممە كىشى زارىقىش بىلەن كۈتىدىغان ھېيت، بايراملارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى توغرىسىدا يازدى. چۈنكى، ئائىلىدە شەخس خاراكتېرىنىڭ ئاساسى شەكىللىنىدۇ. بۇ تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسىرلەر بويى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ياشاش ئۈچۈن تىرىشقىنىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە يەنىلا بېكىنمىچىلىك، تۇتۇق مىجەزلىك يوق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. جىنايەت سادىر قىلىش نىسبىتىنىڭ، ئەخلاقنى بۇزغۇچىلارنىڭ باشقا ھەر قانداق ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن (پېۋسوف: «ئاسىيا چۆللىرىدە»، سانكىت پېتربورگ، 1897 - يىل، 114 - بەت). ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەردىكى مۇلايىملىق، راستچىللىق، مېھماندوستلۇق، ئائىلىدە بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەخلاق سۈپەتلىرى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ساياھەتچىلەر ئەر - ئاياللار بىر - بىرىگە ۋە ئاتا - ئانىلار قىزلىرىغا «سىز، سىلى» دېگەن ئىبارىلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى، باشقا ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش، سالام - سەھەت قىلىشىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ ئادەتلەر تاكى ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە كەڭ قوللىنىلماقتا.

بۇخىل پايدىلىق ئادەتلەر، ئائىلە قائىدىلىرىگە ۋاقتىنىڭ يېڭى تەقەززاسى بىلەن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى. بۇلار زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىش بىر چوڭ ئىلمىي ئەمگەكتۇر.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت ئىمىنهاجى جۇبەيرى

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە بېزىكى - ساندۇق

ئايگۈل ئوسمان

( «شىنجاڭ پارتىيە ئىستىلى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

ساندۇق — ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئائىلە بۇيۇمى.

ساندۇقنىڭ ئائىلىدە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ ئۇن، نان، بۇغداي، گۈرۈچ، پۇرچاق، قوناق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەرنى، كىيىم - كېچەك، پۇل - پۇچەك، ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى، كىتاب - ھۆججەتلەرنى، قاچا - قۇچا ۋە تۈرلۈك قول - ھۈنەرۋەنچىلىك سايمان - بۇيۇملىرىنى بىخەتەر ساقلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ساندۇق ئاساسەن شىنجاڭدا ئۆسىدىغان ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىن يەنى تېرەك (قارا تېرەك، كۆك تېرەك ۋە ئاق تېرەك)، ئۈجمە، قارا ياغاچ، قارىغاي، ئالما، سۆگەت، ئامۇت، چىنار دەرىخى قاتارلىقلارنىڭ ياغىچىدىن ياسىلىدۇ.

ئۇيغۇر ساندۇقلىرىنىڭ شەكلى ۋە ھەجىمى ھەرخىل. ئەڭ كىچىكلىرى كىتاب ۋە ژۇرنال شەكلىدە (ئېگىزلىكى بىر سويام ياكى بىر غېرىچ ئەتراپىدا) ياسىلىدۇ. خاتىرە چوڭلۇقىدا (ئېگىزلىكى 5 - 10 سانتىمېتىر) ياسىلىدىغانلىرىمۇ بار. بۇنداق كىچىك ساندۇقلار ساندۇقچاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارغا قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك سايمانلار، يىپ - يىڭنە، تۈگمە، پۇل - پۇچەك، خەت - چەك، مۇھىم ھۆججەت، تۈرلۈك گۇۋاھنامە، كىنىشكىلەر شۇنداقلا ھەرخىل زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، ئۇرۇقلۇق قاتارلىقلار سېلىنىدۇ.

ئوتتۇراھال ساندۇقلار: بۇلار 50 - 120 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 30 - 100 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە، توغرىسى تەخمىنەن 30 - 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇنداق ساندۇقلارغا ئۇن، نان، پۇرچاق، كېپەك، كىيىم - كېچەك، كىتاب، ھۆججەت قاتارلىقلار ۋە باشقا نەرسىلەر سېلىنىدۇ.

كىچىك ۋە ئوتتۇراھال ساندۇقلار ئاددىي ياكى ئاق ساندۇق ۋە گۈللۈك ساندۇق دەپ 2 تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاق ساندۇق ئادەتتە ئاددىي ياسىلىدۇ، ئىچى - تېشى ياغاچ رەڭگىدىلا بولۇپ، نەقىش ياكى گۈل چىقىرالمايدۇ، رەڭ بېرىلمەيدۇ. گۈللۈك ساندۇق ئالاھىدىرەك بولۇپ، ئالدى، ئىككى يېنى رەڭدار بولىدۇ. بۇنداق ساندۇقلار 3 خىل شەكىلدە بولۇپ، 1 - خىلى ئەنئەنىۋى ياغاچ نەقىشلىك ساندۇق، 2 - خىلى بوياق ۋە سىر بىلەن گۈل چىقىرىلغان ساندۇق، 3 - خىلى قاڭالتىر ۋە مىخ - پىستان ئارقىلىق گۈل چىقىرىلغان ساندۇقتىن ئىبارەت.

چوڭ ساندۇقلار كات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 - 4 مېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 1 — 1.50 مېتىرغىچە بولىدۇ. بۇنىڭ ئاغزى 2، 3 ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بولىدۇ ۋە تېشىدىن قارىسا چوڭ بىر ساندۇقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچى ئاغزىنىڭ سانىغا قاراپ بۆلۈۋېتىلگەن. ئۇنىڭ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا پۇتى بولىدۇ، پۇتلىرىنىڭ سانى 4، 6، 8 ئەتراپىدا بولىدۇ، ساندۇقنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە ئىككى يېنىنىڭ ئاستى تەرىپىگە 20



سانتىمېتىر ئەتراپىدا ياغاچ نەقىش يەنى ئويما نەقىش چېقىرىلىدۇ. ساندۇق يەردىن 20 ـ 30 سانتىمېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئويما نەقىشلەر يەر بىلەن ساندۇق ئوتتۇرىسىدىكى بوش ئارىلىقنى توساپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ساندۇق ئالدى ۋە يان تەرەپتىن قارىغاندا ناھايىتى كۆركەم كۆرۈنىدۇ. بۇنداق ساندۇقلارنىڭ ئالدى تەرىپىگە ياغاچ قاپارتمىلىق نەقىش چېقىرىلىدىغانلىرىمۇ، بوياق ياكى سىر بىلەن گۈل چېقىرىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. بۇنداق ساندۇقلارغا نەچچە ئون تاغار ئاشلىق ۋە كۆپ مال ـ مۈلۈك سىغىدۇ.

يۇقىرىقى 3 خىل ساندۇقنىڭ ئائىلىلەردە قويۇلىدىغان ئورنىمۇ ئوخشىمايدۇ. ساندۇقچاقلار ئاشخانا، تۆشۈك، قازناق، يان ئۆي، كاسىپلىق دۇكىنى قاتارلىق جايلارغا قويۇلىدۇ. ئوتتۇراھال ساندۇقلارنىڭ ئاق ساندۇق شەكلىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئورۇنلارغا قويۇلىدۇ. گۈللۈك ساندۇقلار بولسا مېھمانخانا، دەھلىز، ئايۋان ـ سارايلارنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان جايلىرىغا قويۇلۇپ، ئۈستىگە مېھمانلىق يوتقان ـ كۆرپە، ياستۇقلار رەتلىك ۋە چىرايلىق قىلىپ تىزىلىپ، نەپىس ئىشلەنگەن ياغلىق، تور ۋە باشقا ياپقۇچلار يېپىپ قويۇلىدۇ. چوڭ ساندۇق يەنى كاتلار ئايۋان ـ سارايلارنىڭ ئىچىدىكى سۇپىنىڭ يان تەرىپىگە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغىپ قويىدىغانلارمۇ بار.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كەپتەرنى ساندۇقتا باقىدىغانلارمۇ بار، شۇنىڭدەك سەپەر ساندۇقلىرى، ئات، كالا، قويلارغا بوغۇز، توخۇلارغا دان بېرىدىغان ساندۇقلارمۇ بار.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان 3 خىل ساندۇقنىڭ گىرەچىلىرى ياغاچ گىرەچىلىك ۋە تۆمۈر گىرەچىلىك دەپ 2 خىلغا ئايرىلىدۇ. ياغاچ گىرەچىلىك ساندۇقلار 1949 ـ يىلدىن ئىلگىرى كەڭ كۆلەملىك ئومۇملاشقان. بۇنداق ساندۇقلارنىڭ مىخلىرىمۇ ياغاچتىن ياسالغان، يەرلىك يىلىم ئىشلىتىلگەن، ئېچىلىپ ـ يېپىلىشى سىلىق، چاكلىرى، ئاغزى ھىم قىلىپ سىپتا ياسالغان، ئۆزى يەڭگىل ئىدى.

كېيىنچە سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تۆمۈر گىرەچىلىك ساندۇقلار ئومۇملىشىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر مىخ ۋە زاۋۇت يىلىملىرى ئىشلىتىلدى.

تەخمىنەن XX ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە ئۇيغۇرلار ئاساسەن نەقىشلىك ساندۇق ۋە يەرلىك بوياق، سىر بىلەن گۈل سىزىلغان رەڭلىك ساندۇقلارنى ئىشلىتىپ كەلگەن. كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر ئۇ تەرەپكە چىقىپ قاڭالتىر، مىخ ـ پىستان بىلەن گۈل چېقىرىلغان ساندۇقلارنى كۆرگەن، بەزىلىرى ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن. بۇ خىل ساندۇقلارنى كىشىلەر «ئورۇس ساندۇقى» دەپ ئاتىغان. كېيىن بۇ خىل ساندۇقلار ساندۇقچى ئۇستىلار تەرىپىدىن ئىجادىي ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، تېخىمۇ مىللىي تۈسكە ئىگە قىلىنىپ، ئىشلىتىلىش جەھەتتە قولايلىقى، ياسىلىش جەھەتتە ئىلغارلىقى، كۆرۈنۈش جەھەتتە نەپىسلىككە، كۆركەملىككە، كۈچلۈك ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىك تۈسىگە، تۇر جەھەتتە سەرخىللىقىغا يۈزلەنگەن.

1998 ـ يىلى قەشقەردىكى ساندۇقلارنىڭ نۇسخىسىنى تەكشۈرگەندە، قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزا قازىرىق كەنتىدىكى ساندۇقچىلارنىڭ بازارغا تەييارلىغان گۈللۈك ساندۇقلىرى 20 خىلغا يېقىن بولۇپ، ئۇلار يوپۇرماق، پەتنۇس، مېھراب، غىش، قوشقار، ئانارچى، مەسچىت، قۇياش، پەكا، ساراڭ مېھراب، تەتۈر پەتنۇس، ساراڭ پەتنۇس قاتارلىقلار-دىن ئىبارەت. قەشقەر شەھىرىنىڭ باشقا جايلىرى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا جايلاردا ساندۇقنىڭ بۇنىڭدىنمۇ كۆپ نۇسخىسى بار.

گۈللۈك ساندۇقلارنىڭ ئىشلىتىلىشى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ، ئۇ بىنا ئۆيلەرگە تېخىمۇ چىرايلىق ھۆسن قوشۇۋاتىدۇ شۇنداقلا خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدىكى سوۋغا بۇيۇمى قىلىنماقتا. مەسىلەن: قىز ـ يىگىتلەر توي قىلغاندا ئىككىلا تەرەپ بىر ياكى 2 ساندۇقنى يادىكار قىلىپ، ھۇجرا ئۆيگە ئېلىپ كېلىش، يىگىت ـ قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تويغا

ئاتاپ ساندۇق سوۋغا قىلىش، چوڭلار بالىلىرىغا ئۆي ئايرىپ بەرگەندە بىردىن ساندۇق تەييارلاپ بېرىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلەردە گۈللۈك ساندۇقلارنىڭ رولى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلۇۋاتىدۇ. بىراق ئاق ساندۇق بىلەن چوڭ ساندۇق ئانچە كۆپ ئىشلىتىلمەيۋاتىدۇ.

تارىختىن بېرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا ساندۇق ئۆزىنىڭ نۇرغۇن رولى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

1. قەدىمكى يىپەك يولىدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ساندۇقنىڭ يېنىك، بىر نەرسىلەرنى قاچىلاپ ئېلىپ يۈرۈشكە ۋە ئۇلارنى قار - يامغۇردىن بىخەتەر ساقلاشقا ئەپلىك بولۇشتەك رولىدىن پايدىلىنىپ، تۆگىلەرگە مال قاچىلانغان ساندۇقلارنى ئارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە سودا قىلغان.

2. ساندۇق ئۆزى ئىخچام، كۆركەم، ھەرخىل شەكىللىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىگە زىننەت بولىدۇ. كونا - يېڭى، قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان نەرسە - كېرەكلەرنى ئىچىگە سېلىپ، ئۈنىڭ چېتىگە، تەكچە - ئويۇقلارغا ياكى يورغا تام ئۈستىگە ئېلىپ قويسا ئۆي ئىچى ئازادە كۆرۈنىدۇ. ئۈستىگە چامىدان ياكى يوتقان كۆرپىلەرنى تىزىپ ياپقۇچ يېپىپ قويسا ئۆيگە زىننەت بولىدۇ.

3. ساندۇق كىيىم - كېچەك، پۇل - پۇچەك، ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى چاشقان، قۇرت - قوڭغۇز، سۇ، نەملىك ۋە توپا - چاڭلارنىڭ زىيان - زەخمىتىدىن ئۈنۈملۈك ساقلايدۇ.

كىشىلەر ساندۇقنى ھەرگىز ھاجەتخانا، ئېغىل - قوتان، ئۈستى ئوچۇق يەر (ھويلا، ئۆگزە، باغ) دە قويمايدۇ، يۇندا چاچراتمايدۇ، بەزى چوڭلار ساندۇققا دەسسىسە ياكى ئۈستىدە ئولتۇرسا يامان بولىدۇ دەپ قارايدۇ، مانا بۇ خەلقىمىزنىڭ ساندۇقنى گۈزەل، ئېسىل نەرسەقاتارىدا كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ساندۇقنىڭ كىشىلەرگە كۆپ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان خاسىيەتلىك نەرسە ئىكەنلىكى، «تاھىر - زۆھرە» داستانىدا تاھىرنى چوڭ دەريادا ئامان - ئېسەن ساقلاشتا ساندۇقنىڭ چوڭ رول ئوينىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ساندۇقلىرى قەشقەر، كۇچا، خوتەن، يەكەن، قاغىلىق، كورلا، قۇمۇل، تۇرپان، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ياسالماقتا. بولۇپمۇ قەشقەر، كۇچا، غۇلجا ساندۇقلىرىنىڭ ياسىلىشى سىپتا، شەكلى ھەرخىل ۋە رەڭگارەڭ.

قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭبويى كوچىسىدىكى بىر قاتار ساندۇق دۇكانلىرىدىكى ھەرخىل، ھەر ياڭزا ساندۇقلار ھەركۈنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مىڭلىغان ساياھەتچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

تەھرىرلىگۈچى: جەملە ئابلا

(بېشى 58 - بەتتە)

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەرز سۇندى. ھۆكۈمەت تەرەپ ئەھمەت مەزىننى ئېتىپ بېرىش قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇلئەزىز مەخسۇم بۇ قارارغا قارشى ھالدا ھەقىقىي قاتىللارنى تېپىپ جازالاپ بېرىشتەك ھەققانىي تەلىپىدە چىڭ تۇردى. مەزىن ئاخىرى ھەممىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەر كاتتىلىرى سۇڭگۇتىۋەتكەن سوۋغا - سالامدىن تىلى تۇتۇلغان ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلدارلارمۇ بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىشنى خالىمىدى.

قەشقەر كاتتىلىرىنىڭ تەلىپى ۋە ۋەدىسى بويىچە ئەھمەت مەزىن سولاقتىن بوشىتىلىپ قويۇپ بېرىلدى. بۇ «غالىب» قاتىل ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا بىر مەزگىل لاغايلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىكى كىشىلەرنىڭ تىل - ئاھانەت، دەشناملىرىدىن بىر مىنۇتمۇ ئارام تاپالماي، ياقا يۇرتلارغا قېچىپ بېرىپ جان باقتى. روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە يېگەن مەزىن ئاقىۋەتتە ئېلىشىپ قېلىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ھەتتا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېيىشكە باشلىدى. نەتىجىدە ئەنە شۇ ساراڭلىقتا بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆلدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# خوتەن قاشتېشى ھەققىدە پاراڭ

**ھەببە ئابدۇللا**

(شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئاساسىي پەنلەر بۆلۈمىدىن)

خوتەن قاشتېشى رايونىمىز شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتكە، ھەتتا دۇنياغا داڭلىق. خەلقىمىز ئۇنى ئەزەلدىن ئەتىۋارلاپ ۋە ئېزىز بىلىپ كەلگەن ھەمدە ئۇنىڭغا مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى دۇردانىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن.

ئالاقىدار ماتېرىياللارغا قارىغاندا، خوتەن قاشتېشىنىڭ قېزىلىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، خېلى ئىلگىرىلا ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلغان.

چىن شىخۇاڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن قاشتېشى ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىرىنى چاڭئەنگە يىغىپ، ئوبرازلىق ۋە جانلىق كەلگەن بىرمۇنچە يولۋاس ھەيكەللىرىنى ئويدۇرغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردە خوتەن قاشتېشىنىڭ قېزىلىشى بىر يېڭى باسقۇچقا كىرگەن. Ⅲ ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرت ئۇزۇنغىچە تىركىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقتىن، خوتەن قاشتېشىنىڭ ئىچكىرى جايلارغا توشۇلۇشى زور تەسىرگە ئۇچرىغان. تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن «قاشتېشى يولى» ئەسلىگە كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى بەگزادىلىرى خوتەن قاشتېشىنى ئىنتايىن ئەتىۋار بىلگەچكە، شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ پايتەختكە قاشتېشى يۆتكىگەن. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خوتەن قاشتېشىنىڭ قېزىلىشى مەيلى كۆلەم ياكى مىقدار جەھەتتىن بولسۇن ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ئېشىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ھۈنەرۋەنچىلىكى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. خوتەن، زەرەپشان ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا قاشتېشى قول سانائىتى بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇن ئېسىل ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قاشتېشى بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىلغان، شۇنداقلا كۆپلىگەن قاشتېشى مەھسۇلاتى ئىچكىرىگە توشۇلغان.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ۋە ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان قاشتېشى ئاسار ئەتىقىلىرى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. مەسىلەن: 1976 - يىلى قىشتا ئارخېئولوگلار خېنەننىڭ ئەنياڭ دېگەن يېرىدىكى بىر خان قەبرىسىدىن كۆمۈلگىلى 3200 يىلچە بولغان 756 دانە قاشتېشى بۇيۇمىنى تاپقان. بۇ بۇيۇملارنىڭ ياسىلىشى سىپتا، رەڭدارلىقى ۋە كۆرۈنۈشى يېڭىدەكلا بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگىدەك شىنجاڭ قاشتېشى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. 1745 - يىلى چيەنلۇڭ خان بېيجىڭنىڭ شىنخۇامېن سىرتىدىكى بىر بۇتخانىدا تېگى - تېگىدىن يېشىل نۇر چاقناپ تۇرغان ناھايىتى زور بىر ئىدىشنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ چوقۇم بىر قىممەتلىك بۇيۇم ئىكەنلىكىنى پەملەپ، 1000 سەردىن ئارتۇق ئالتۇن سەرپ قىلىپ ئۇنى ئىلىكىگە ئالغان، ئاندىن ئوردىغا يۆتكىتىپ قاشتېشى ئۇستىلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە تاپشۇرغان. ئۇستىلارنىڭ بېكىتىشىچە، ئېغىرلىقى 7000 جىڭ كېلىدىغان، سىرت ئەتراپىغا نۇرغۇن سىرلىق ۋە رومانتىك ئالاھىدىلىككە ئىگە نەقىشلەر ئويۇلغان بۇ ئىدىش ئەسلىدە يۈەن سۇلالىسى خانىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئۇچۈن مەي تولدۇرۇپ قويىدىغان قاچىسى بولۇپ، ئۇ، دۇنيادا ئاز

ئۇچرايدىغان ئىپىل بۇيۇم ئىكەن. چىيەنلۇڭ خان
ماھىر ئۇستىلارنى چاقىرتىپ ئۇنى 4 قېتىم رېمونت
قىلدۇرغان ھەمدە 3 كۇبلېت شېئىر يېزىپ
ئىدىشنىڭ ئىچ تەرىپىگە ئويدۇرغان. ھازىرقى زامان
مۇتەخەسسىلىرى ئۇنىڭ ئەسلى ماتېرىيالىنىڭ
شىنجاڭ خوتەن قاشتېشى ئىكەنلىكىنى
مۇقىملاشتۇرغان. بۇ قاشتېشى ئىدىشنى تاكى
ھازىرغىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئېكسكۇرسىيە-
چىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كۆرۈشمەكتە. گۇگۇڭ
مۇزېيىدا ئىچىگە شېئىر ئويۇلغان، خوتەن
قاشتېشىدىن ياسالغان ئىنتايىن قىممەتلىك بىر چوڭ
تاۋاق بولۇپ، بۇنىمۇ چىيەنلۇڭ خان قولغا
چۈشۈرگەن.

قاشتېشى ۋە قاشتېشى مەھسۇلاتلىرىنىڭ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە باشقا جايلارغا توشۇلۇشى ئۇ
يەردىكىلەرنىڭ قاشتېشىنى، جۈملىدىن خوتەن
قاشتېشىنى ئەتىۋار بىلگەنلىكىدىن بولغان.
جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا جۇڭگو
خەلقىنىڭ قاشتېشىغا بولغان ئىنتىلىشىنى ئالاھىدە
گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش مۇمكىن. مۇنداقچە
ئېيتقاندا «ئالتۇندا بار باھا، قاشتېشى بىباھا» دېگەن
گەپ بىكار چىقمىغان. قاشتېشى ئۇزۇن زامانلار
مابەينىدە ئالىيجانابلىق، ساپلىق، دوستلۇق،
مېھرىبانلىق، تىنچلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى
بولۇپ كەلگەن. قاشتېشىغا بولغان ھېرىسمەنلىك
تۈپەيلىدىن قاشتېشىنى ئۇلۇغلاش ۋە سىرلىقلاشتۇ-
رۇشتەك ئەھۋاللارمۇ بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:
قاشتېشىنى يانغا ئېسىۋالسا شۇمنىيەتلىكلەردىن
ساقلايدۇ؛ قاشتېشىنى ئىستېمالغا ئارىلاشتۇرسا
ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ؛ مېيت قاشتېشى بىلەن قويۇلسا
چىرىمەيدۇ، دەپ قارالغان. ھەتتا «يوسۇننامە» دىمۇ
«خان قاشتېشى بىلەن دۈشمەنسىزدۇر» دېيىلگەن.
شەرقىي خەن دەۋرىدىكى شۇ شېن دېگەن كىشى
ئۆزىنىڭ بىر كىتابىدا خوتەن قاشتېشىنىڭ نۇر
چاقناپ تۇرىدىغان ۋە كىشىگە يېقىملىق بىلىنىدىغان،
سىرتى بىلەن ئىچى بىردەك بولۇپ سىرتىدىن ئىچىنى
كۆرگىلى بولىدىغان، چېكىلگەندىكى ئاۋازى لەرزان
ۋە سۈزۈك بولۇپ يىراقلاردىمۇ ئاڭلىغىلى

بولىدىغان، قاتتىق ۋە چۈرۈك بولۇپ سۇنىد
ئەمما ئىگىلمەيدىغان، سۇنغان يېرى قىرلىق بولىس
بىراق ئاسانلىقچە قولنى كەسمەيدىغان بەش تۈرا
فىزىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئۇنى
«مېھرىبان، ھەققانىيەتچى، ئەقىللىق، باتۇر، پا
ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك مەنى
ئالاھىدىلىكىنى سۈپەتلەپ چىققان. «جۇ يوسۇنلىر
دا قاشتېشى كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى كۆرسىت
تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە قىلىنغان ھەمدە خار
پادىشاھلار ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ كىيىت
كېچەكلىرىنى قاشتېشى بىلەن قانداق شەكىلدە بېز
ۋە ئۇلارنى قانداق قىلىپ ئۆزئارا مۇناسى
پەرقلەندۈرۈش ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

خوتەن قاشتېشىنىڭ چىقىش ئورنى
توغرىسىدىمۇ ئىلىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىك
«ئارخېئولوگ» لىرى بەزى كۆزىتىشلەرنى ئېل
بارغان. مەسىلەن: «تارىخنامە» دە خوت
قاشتېشىنىڭ كوئېنلۇن تېغىدىن چىقىدىغانلىق
ھەققىدە ئېنىق بايانلار يېزىلغان. بۇ بىز ئۇيغۇر
ئارىسىدا تارقالغان قاشتېشى ئەپسانىسىدىكى بايا
بىلەن بىردەكلىككە ئىگە: «قەدىمكى خو
دىيارىنىڭ قاشتېشى دەرياسى ساھىلىدا ئولتۇرۇشل
ناھايىتى ئۇستا بىر تاشچى بوۋاي بولۇپ ئۇنىڭ
شاگىرتى بار ئىكەن. بوۋاي 60 ياشقا كىرگەن ك
قاشتېشى دەرياسىدىن ناھايىتى يوغان ھەم ئاپئا
سۈزۈك بىر پارچە قاشتېشىنى تېپىۋاپتۇ-دە، ئ
ناھايىتى پەم بىلەن ئويۇپ ئىنتايىن چىرايلىق
قىز شەكلىگە كەلتۈرۈپتۇ. بوۋاي خۇشاللىقىد
ئىختىيارسىز ھالدا: مېنىڭ مۇشۇنداق بىر قى
بولغان بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! دەپت
تاش قىز شۇ ھامان بىر شوخ ھەم ئوماق راست قى
ئايلىنىپتۇ ۋە بوۋايغا تازىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى
تۇتقانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا «تاشگۇ
دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاي ئۆل
كېتىپتۇ. تاشگۈل بوۋاينىڭ شاگىرتى بىلەن ئۆيل
بوپتۇ. بىراق بىر يەرلىك زومىگەر تاشچ
شاگىرتىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقتىد
پايدىلىنىپ تاشگۈلنى بۇلاپ كېتىپتۇ ۋە ئۆزى بىل

ئۆيلۈك بولۇشقا زورلاپتۇ. تاشگۇل ئۇنىڭغا بويسۇنماپتۇ. زومىگەر ئۇنىڭغا پىچاق ئۇرغانىكەن، تاشگۇلنىڭ بەدىنىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقىپ زومىگەرنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ئۆزى بىر دەستە ئاق ئىسقا ئايلىنىپ، يۇرتى كوئېنلۇن تېغىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئېرى بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ئاتقا مىنىپ ئۇنى قوغلاپتۇ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ قاشتېشى كانىنى ئاسان تېپىۋالىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، يول بويى ئۇششاق تاشلارنى چېچىپ مېڭىپتۇ». گەرچە بۇ بىر ئەپسانە بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش ئاساسى رېئاللىق دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بۇ بىردەكلىكنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك ھالدا قوبۇل قىلالايمىز. ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىمۇ خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدە ئاق قاشتېشى دەرياسى، غەربىدە يېشىل قاشتېشى دەرياسى، ئۇنىڭ يەنە غەربىدە قارامتۇل قاشتېشى دەرياسى بار، بۇلارنىڭ مەنبەسى كوئېنلۇن تېغىدىن ئىبارەت. قاشتېشى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرخىلى ئېسىل بولۇپ دەريادىن چىقىدۇ، ئېلىش ئۇسۇلى ئۇنچە ـ مەرۋايىت ئېلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ يەنە بىر خىلى ناچارراق بولۇپ تاغدىن چىقىدۇ، دەپ يېزىلغان.

قىسقىسى، خوتەن قاشتېشى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۆزىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكي ۋە سېھرىي كۈچى بىلەن رايونىمىز شىنجاڭنى پەخىرلەندۈرۈپ كەلدى، شىنجاڭنى دۇنياغا تونۇتتى، جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىگە پارلاق ھۆسن قوشتى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 34 ـ بەتتە)

يوق، ئات قىس، قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىنى بىلگەن شاتۇر پۈتۈن نىيەت ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پارتىيە، خەلققە سادىق بولۇپ، قىش ـ ياز دېمەي، تەرگە چۆمۈلۈپ جاپالىق ئىشلىگەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان غەيرەت ـ شىجائىتى بىلەن 7 ـ 8 كىلوگرام كېلىدىغان خەت ـ چەك سومكىسىنىمۇ ئۇزۇن مۇساپىدە ھارماي ـ تالماي كۆتۈرۈپ ماڭغان. شاتۇرنىڭ تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە پىيادە بېرىپ، بىر كۈندە 193 كىلومېتىر مۇساپە بېسىپ، كەچتە قونماي يەكەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەر: «شاتۇر ـ ئۇزۇن سەپەر پالۋىنى، قاناتلىق ئات» دېيىشكەن. موللا مۇھەممەت ھاجىمنىڭ ئېيتىشىچە: شاتۇر 1953 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە 40 كىلومېتىر مۇساپىنى بىر سائەتتە بېسىپ، چېمپىيون بولۇپ، ۋالىي قاسىمجان قەمبىرىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 1953 ـ يىلدىكى كادىرى ئۆمەر روزىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە: شاتۇر 1953 ـ يىلى غەربىي شىمال بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە 1 ـ بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

شاتۇرنىڭ يەكەن ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتكە قاراشلىق 8 ـ مەھەللىدىكى قېيناغىسى 73 ياشلىق ئابدۇقادىر ۋاسىلنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە: بەدەخشاندا چوڭ بولغان شاتۇر 1961 ـ يىلى 79 يېشىدا ئافغانىستانغا تۇغقان يوقلاشقا بېرىپ، كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يېتىپ قالىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ، يەكەندىكى خىزمەتداشلىرىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ يەكەنگە قايتىپ كېتىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ گۈزەل ئارزۇسى ئىشقا ئاشمايدۇ، ئۇ 1981 ـ يىلى ئافغانىستاندا قازا قىلىدۇ.

شاتۇر ئۆزىنىڭ بىھېساب تەر ـ ئەجرى بەدىلىگە زەرەپشان دەرياسى بويىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شاتۇر دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنسىلا، يەكەن خەلقى ئۇنى ھۆرمەت، مۇھەببەت بىلەن ئەسلىشىدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: غوپۇر ھوشۇر نىيازى

# ئابدۇقادىر داموللام ئۆلتۈرۈلگەن پاجىئەلىك كېچە

مۇھەممەتئىمىن قۇربانى

قوغۇن پىششىقى كۈنلىرىنىڭ بىرى، داموللامنىڭ بالا - چاقىلىرى ئاتۇشقا خامان ئېلىشقا كەتكەن بولۇپ، ئۆيدە پەقەت شاگىرتى باقى ئاخۇنلا قالغانىدى.

داموللام كەچنى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، باقى ئاخۇنغا رۇخسەت بەردى ۋە ياندىكى ياتاق ئۆيگە كىرىپ بىخىرامان ئۇخلاپ قالدى. باقى ئاخۇنمۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپ قالدى.

داموللامنىڭ دەرۋازىسى تاقالغىچە بولغان ئارىلىقتا قانداقتۇر بىر قارا سايە ئاتخانىغا كىرىپ مۆكۈۋالغانىدى. بۇنى داموللاممۇ، باقى ئاخۇنمۇ تۇيمىغانىدى. داموللامنىڭ ھەر كېچىسى بىر قېتىم تاھارەت سۇندۇرۇشقا چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن بۇ قارا سايە داموللامنىڭ تاھارەتكە چىقىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە داموللام يۆتەل ۋە ئاياغ تىۋىشى بىلەن مېھمانخانا ئۆيدىن چىقىپ، ئارا ئىشىكنى ئېچىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. قارا سايە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غىپلا قىلىپ ئاتخانىدىن ھويلىغا، ئاندىن مېھمانخانا دەھلىزىگە كىرىپ مۆكۈندى. بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالغان داموللام تاھارەتتىن بىكار بولۇپ، ئارا ئىشىكنى تاقىدى - دە، ئۆيگە ئاياغ تاشلىدى. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، داموللام ئۇزۇن كېچىك كۆڭلەكتىن باشقا كىيىم كىيمىگەنىدى.

داموللام دەھلىز ئىشىكىدىن كىرىپ، مېھمانخانىغا ئاياغ تاشلىماقچى بولغىنىدا «چىم» قىلغان يېقىمسىز بىر سېزىم داموللامنى قاتتىق ئەندىكتۈرىۋەتتى. ئۇيقا ئارىلاش، ئويسىز ھالەتتە كىرىۋاتقان داموللام ئەمدىگىنە ئۇيقىدىن ئويغانغاندەك بېقىنىنى تۇتۇشىغا، قارا سايە پىچاقنى تارتىۋالدى. داموللامنىڭ قوللىرى ئۆزىنىڭ شورقىراپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قېنىغا مىلەنگەنىدى. ئۆزىگە پىچاق سېلىنغىنىنى بىلگەن داموللام قارشىسىدا تۇرغان قاتىلغا «ئىپلاس» دېگىنىچە ئېتىلدى. بىراق، كۆزلىرىگە قان تولغان قاتىل تەمتىرەش ياكى قېچىش تۇگۇل ئەكسىچە غالجىرلىق بىلەن داموللامغا ياندى. داموللام قاتىلغا قارىغاندا كۆپ سېمىز ھەم دوغىلاق كىشى بولسىمۇ، لېكىن قاتىل داموللامدىن ياش ھەم كۈچتۈڭگۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداقتۇر بىر روھ ئۇنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. داموللام دۈشمىنىنى ھەر قانچە بېسىشقا جۈرئەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قان جىق چىقىپ كەتكەچكە، قاتتىق ھالسىراپ كەتكەنىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان قاتىل داموللامنىڭ قورسىقىغا يەنە بىر پىچاق سېلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتتى. داموللام گۈپ قىلىپ يىقىلدى - دە، ھۇشىدىن كەتتى. ئارىلىقتا بىر نەچچە قېتىم «باقى ئاخۇن» دەپ ھالسىز تۇۋلىغان بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن باقى ئاخۇن ھېچنىمىنى تۇيمىغانىدى.

داموللامنىڭ ھالسىزلانغىنىنى كۆرگەن قاتىل مۇرادىغا يەتكەندەك بولۇپ، كەلگەن يولىچە بەدەر تىكىۋەتتى.



داموللام غەرق قان ئىچىدە ياتاتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بوش ئاۋازدا ئىڭرايتتى ۋە خارقىرايتتى. بىراق، بۇ تۈن كېچىدە قېرىشقاندەك داموللامنىڭ هالىغا يەتكۈدەك هېچ ئىنسان چىقمىغانىدى. پەقەت تاڭغا يېقىن ئۆگزىگە تاھارەتكە چىققان ھەققەمسايىسى بۇ خاقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىدى ـ دە، دەررۇ باقى ئاخۇننى توۋلاپ ئويغاتتى. باقى ئاخۇن داموللامنىڭ قېشىغا كىرگەندە بۇ مۇبارەك زات ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى. بۇ دەھشەتلىك پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان قولۇم ـ قوشنىلار دەررۇ شەھەرلىك جىيسا (ساقچى) ئىدارىسىگە چېپىشتى.

شەھەر بايلىرىدىن ئۆمەربەگ بىلەن زۇنۇن ئاخۇن پاشىپ قاتارلىق شەھەر قوغداش خادىملىرى ھە ـ ھۇ دېگىچىلا داموللامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى ھەمدە دەررۇ ئەھۋالنى ئىگىلەشكە كىرىشتى. ئۆينى تەكشۈرۈۋاتقاندا ھويلىدىن بىر تۆمۈر قىسقۇچ تېپىلدى. «ئوغرىلارنىڭ ئەزرائىلى» دەپ داڭ چىقارغان زۇنۇن پاشىپ قىسقۇچنى ئالغان پېتى ئۇدۇل تۆمۈرچىلەرنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق قىسقۇچنىڭ شەھەردىكى مەلۇم تۆمۈرچىنىڭ قىسقۇچى ئىكەنلىكى، ئۇنى تۈنۈگۈن كۈندۈزدە ئەھمەت مەزىننىڭ ئارىيەتكە ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

زۇنۇن پاشىپ قول ئاستىدىكى مىرشاپ، چاكەردىلىرىنى ئېلىپ ئەھمەت مەزىننىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى كىيىم ۋە بەدەنلىرىدىكى قان داغلىرىنى يۇيۇۋاتقان يېرىدىن تاپتى. پۇت ـ قوللىرىغا كىشەن سېلىپ بەگلىك ئورۇن بولغان دىڭزا تۈرمىسىگە قامىدى. ئۆمەربەگ سوراق جەريانىدا ئۇنى ئىقرار قىلغۇزدى. ئۆمەربەگ ئەھمەت مەزىننىڭ ئىقرارىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئەھمەت مەزىنگە يول كۆرسەتكۈچىلەر ئادەتتىكى ئادەم ياكى كىچىك بىر ئورۇن ئەمەس ئىدى.

ئۆمەربەگ بىلەن زۇنۇن پاشىپلار ئۇندىمەيلا ئۇدۇل شەھەرنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان «كاتتا كىشى» نىڭ ئالدىغا باردى. ئەھمەت مەزىننىڭ ئىقرارىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى. ئۆمەر باي بۇ ھادىسىگە چېتىشلىق «ئۇلۇغلار» نىڭ ئىسمىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق ئېيتمىغان بولسىمۇ، لېكىن «كاتتاكىشى» نىڭ چىرايى سارغىيىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ سىر ئاشكارىلانسا شەھەردە قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ چىقىشى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ دەررۇ ئەقلىنى جورۇپ چۆچەكتەك 2 كۈمۈش يامبۇنى بەگ بىلەن پاشىپنىڭ ئالدىغا قويدى. پەۋقۇلئاددە چىگىش ھەم خەتەرلىك دېلودىن گاڭگىراپ تۇرغان ئۆمەر باي بىلەن زۇنۇن پاشىپنى شەھەر كاتتىسىنىڭ بۇ سوۋغىسى تېخىمۇ چىڭ ئىسكەنجىگە ئالدى. سوۋغىدىن كېيىن قويۇلغان شەرتلەرگە بۇ 2 كىشىنىڭ ماقۇل كەلمەسلىكى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەھمەت مەزىننىڭ ئۆزىگىمۇ بارلىق جىنايەتلىرىدىن تېنىش كېرەكلىكى، شۇندىلا ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن خالاس بولىدىغانلىقى ئالاھىدە جېكىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش يوشۇرۇن بىر سىرغا ئايلاندى. ئەھمەت مەزىن ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ سوراقلىرىدا داموللامنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى پىلانلىغۇچىلار، بۇيرۇق بەرگۈچىلەر ھەققىدە ھېچنېمىنى ئاشكارىلىمىدى. ئەكسىچە داموللامغا بىر مۇنچە بەتناملارنى چاپلاپ، ئۇنى داموللامنى ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسەتتى.

دەل شۇ كۈنلەردە داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستاندا ئوقۇشتا ئىدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى شۇمخەۋەر ئۇنى ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئابدۇلئەزىز مەخسۇم دادىسىنىڭ ھەقىقىي قاتىلىنى تېپىپ جازالاشنى ھۆكۈمەت تەرەپتىن قەتئىي تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەھمەت مەزىننىڭ تەرسالىقى بىلەن بۇ دەۋا ھەل بولماي ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. بۇ دەۋادىن زېرىككەن ھۆكۈمەت ئاقىۋەتتە ئەھمەت مەزىننى تۆمۈر قەپەزگە سولاپ ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىپ بەردى.

(ئاخىرى 53 ـ بەتتە)

# يىپەك يولىدىكى ئۆتەك ـ شەيدۇللا

## ئابدۇلئەھەت ئالىم

(گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدىن)

شەيدۇللا بىلەن گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان بۇ ئۆتەكتە چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودا ـ سېتىق، ئالاقە ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغانىدى. سودا كارۋانلىرى ھەر يىلى 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە ۋە 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ماڭاتتى. 6 ـ ۋە 7 ـ ئاي مەزگىللىرىدە يوللارنى كەلكۈن سۈيى بۇزۇۋېتەتتى، قىش كۈنلىرى بولسا، قار ـ مۇز قاپلاپ كېتەتتى. يوللار ناھايىتى ناچار ۋە خەتەرلىك بولغاچقا، شۇ چاغلاردا يەكەندىن شەيدۇللاغا بېرىشقا 10 كۈن، گۇمىدىن شەيدۇللاغا بېرىشقا بىر ھەپتە، خوتەندىن شەيدۇللاغا بېرىشقا 15 كۈن ۋاقىت كېتەتتى. بۇ يوللاردا ئاتا مىراس كىراكەشلەر كارۋانلارنىڭ ماللىرىنى توشۇپ بېرەتتى. ھىندىستانلىق سودىگەرلەر قاراقۇرۇم تېغىنى بويلاپ شەيدۇللاغا كېلىپ، شەيدۇللا ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا باراتتى، شىنجاڭلىق سودىگەرلەر بۇ ئۆتەك ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە غەربىي ئاسىياغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى. ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلغۇچىلارمۇ بۇ ئۆتەكتىن ئۆتەتتى.

بۇ ئۆتەك ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىلا ھەربىي بازا قىلىنغان بولۇپ، بۇ جايدا مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. بۇ يەرگە يېقىن سۆگەتقورۇلدا يول خېتىنى تەكشۈرىدىغان قاراۋۇلخانا سېلىنغان. ھازىر شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى شەيدۇللانى كېسىپ ئۆتىدۇ. كۆكئارت داۋىنىدىن باشلانغان تازغۇن،

قاراقاش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى شەيدۇللادىن ئۆتۈپ شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى شەيدۇللا ئۆتىكى گۇما ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، شۆبە ناھىيە بولغاچقا، باشقۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن 1930 ـ يىلى ناھىيە دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. شەيدۇللا تازا روناق تاپقان چاغلاردا ئاھالىسى 1000 غا يەتكەن. ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت بۇ يولنى بىر قېتىم رېمونت قىلغان.

خوتەندە دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن چاغلاردا ماخۇسەن قىسىملىرى قاغىلىق، گۇمىلارغا باستۇرۇپ كەلگەن، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆتەكتىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى توختاپ قالغان. 1947 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شەيدۇللادىكى باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىنى ياپون باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغاچقا، دۆلىتىمىز غەربىي جەنۇب تەرەپتىن سودا يولى ئېچىشقا مەجبۇر بولغان. شىنجاڭدىمۇ شەيدۇللانى بېسىپ ئۆتىدىغان جۇڭگو ـ ھىندىستان يولىنى ئېچىش پىلانلانغان، ئەمما بۇ يول بەزى سەۋەبلەردىن ئېچىلماي قالغان.

تەھرىرلىگۈچى: مەرھابا شاۋۇدۇن



# 2 § . مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل ۋە تۇرپان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يىپەك يولىدىكى قۇمۇل غەربىي يۇرتقا ئۆتۈشتىكى دەرۋازىدۇر، مىڭ تەيزۇ (جۇيۈەنجاڭ) ۋاقتىدا غەربىي يۇرت بىلەن قىلىنىدىغان سودا ۋە ئۆلپان ئەكىلىش يولى توسۇلۇپ قالغاچقا، قوشۇن ئەۋەتىپ، قۇمۇل شەھىرىنى ئىشغال قىلماقچى بولغان. مىڭ چېڭزۇ (جۇدى) ۋاقتىدا قۇمۇل ئىچكىرىگە بەيئەت قىلدى. قۇمۇلغا ۋاڭ بەلگىلەپ، تامغا بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن قۇمۇل ۋاڭى غەربىي يۇرتتا ئەڭ ئەتىۋارلىق ۋاڭ بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل كۆپ قېتىم غەرب تەرىپىدىكى قوشنىسى تۇرپاننىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىدى، مىڭ سۇلالىسى كۆپ قېتىم ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. ۋاڭ بەلگىلەش 3 قېتىم بولدى. 3 قېتىم ئۈزۈلۈپ قالدى، مىڭ ۋۇزۇڭ (جۇخۇجاۋ) دەۋرىدىن كېيىن، تۇرپان تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن، قۇمۇل ۋاڭلىقى زاۋال تاپتى. سۇجۇ ئايمىقى ئارىدىكى توساقتىن ئايرىلىپ، كۆپ قېتىم تۇرپاننىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچرىدى.

## 1. قۇمۇلنىڭ ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىشى

قۇمۇل خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىۋىرغول دەپ ئاتالغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يىجۇ (ئىۋىرغول) ئايمىقى دەپ ئاتالغان، ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئىدى. ئەمما ئىۋىرغول ئايمىقىنىڭ باشلىقى چېن فامىلىلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن 2 - يىلى (مىنگودىن 1198 يىل بۇرۇن) ئايماققا ئىگە بولۇپ، نەچچە ئون ئەۋلاد باشقۇرغان، سۇڭ تەيزۇ (جاۋكۇاڭيىن) ۋاڭ يەندېنى ئىدىقۇتقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇ بۇ يەردىن ئۆتكەن. شەھەرنىڭ باشلىقى يەنىلا چېن فامىلىلىك كىشى ئىكەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەۋەتىلگەن پەرمانمۇ بار ئىكەن. قۇمۇل يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىدىقۇت خانلىقىغا تەۋە ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر ۋاڭى نارقۇشدى باشقۇردى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ سۇجۇ ۋاڭى بولدى. ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئىنىسى ئەنىق تۆمۈر ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. مىڭ تەيزۇ مىنگودىن 521 يىل بۇرۇن (خۇڭۋۇ 24 - يىلى) باش ئاغلاقچى سۇڭ شېڭ بىلەن تۇتۇق ليۇجېن قاتارلىقلارنى ئەسكەر باشلاپ قۇمۇلغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. قۇمۇل سۇجۇ ئايمىقىدىن 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقتا بولغانلىقتىن، سۇڭ شېڭ قوشۇندا ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاتقۇزۇپ، ھەسسىلەپ تېز يول يۈرۈپ، كېچىدە شەھەر تۈۋىگە يېتىپ كەلدى، تاڭ ئاتقاندا دۇمباق ئاۋازى يەر - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى. شەھەردىكىلەر قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن، شەھەر ئىشغال قىلىندى، ئۇلارنىڭ شاھزادىسى لېئېرچېيبامۇر ۋە قورچاق دۆلەت ئەركانىدىن تۆۋەن 30 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا چۈشۈردى، ئۇلارنىڭ قورال - ياراغ، ئوزۇق - تۈلۈك، مال - مۈلكىنى يىغىۋېلىپ قايتتى. مىڭ چېڭزۇ (جۇدى) تەختكە ئولتۇرغاندا، ئەمەلدار



ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئات سودىسى قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قۇمۇلنىڭ ئاھالىسى مۇرەككەپ بولۇپ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار، بۇددىست ئۇيغۇرلار، قارا ئۇيغۇرلار (قارا بۆكلۈك ئۇيغۇرلار) بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا باشلىقلىرى بار ئىدى. ۋاڭلىق ھوقۇقى ئاجىزلىشىپ كېتىپ، بۇلارنى بىر تۇتاش باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان. مىنگودىن 509 يىل بۇرۇن (يۇڭلې تۇنجى يىلى) قۇمۇل 4740 ئات ئولپان ئەكەلدى، مۇناسىۋەتلىك مەھكىمىگە پۇلىنى بېرىش بۇيرۇلدى. بۇ ئاتلار ئىچىدىن 10 ياخشى ئات تاللىنىپ، خانلىق ئېغىلغا كىرگۈزۈلدى، قالغانلىرى چېگرا ساقلىغۇچى ئاتلىق ئەسكەرلەرگە بېرىلدى. كېيىنكى يىلى 6 - ئايدا، يەنە ئولپان ئەكىلىپ، نام - ئۇنۋان بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەنىق تۆمۈرگە ئېنائەتمەن ۋاڭ دېگەن نام بېرىلدى ۋە ئالتۇن تامغا تەقدىم قىلىندى. شۇ يىلى ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا مىڭ سۇلالىسى ئەمەلدار ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى توقتو ۋاڭ بولدى. ئۇنىڭغا قاشتېشىدا بېزەلگەن بەلباغ تەقدىم قىلىندى. توقتو كىچىك ۋاقتىدا ئەسىر ئېلىنىپ، جۇڭگوغا ئەكىلىنگەن بولۇپ، مىڭ چېڭزۇ (جۇدى) ئۇنى قۇللار ئىچىدىن ئايرىپ، تۆۋەن ياساۋۇللار ئىچىگە قوشۇپ قويغانىدى، بۇ قېتىم ئۇنى ۋاڭلىققا ۋارىس قىلماقچى بولغاندا، دۆلەتدىكىلەرنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئەمەلدار ئەۋەتىپ سوراتتى، ئۇلار قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، شۇنىڭ بىلەن، دۆلىتىگە باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى.

مىنگودىن 506 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 4 - يىلى) قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى مەخمۇت خوجا قاتارلىقلار ياساۋۇلخانا باشلىقى، مىڭبېگى قاتارلىق ئەمەللەرگە تەيىنلەندى. مىنگودىن 502 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 8 - يىلى) توقتو ئۆلدى. ئۇنىڭ جىيەن ئىنىسى تۆرى تۆمۈرگە ساداقەتمەن ۋاڭ نامى بېرىلدى. تامغا پەرمانى ۋە قاشتېشىدا بېزەلگەن بەلباغ تەقدىم قىلىندى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قۇمۇلنى قوغدايدىغان بولدى. مىڭ چېڭزۇنىڭ قۇمۇلغا ئېنائەتمەن ۋاڭ تەيىنلىشىنىڭ مەقسىتى قۇمۇلنى غەربىي يۇرتنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى قىلىپ، ئۇلارغا ئوردا ئەلچىلىرىنى قارشى ئېلىش، قوغداش ئىشلىرىنى قىلدۇرۇش، غەربىي يۇرتتىكى باشقا يات قوۋملارنى باشقۇرغۇزۇش، غەرب تەرەپتىكى مۇداپىئە توسىقى قىلىش ئىدى. مىڭ چېڭزۇنىڭ يەنە ساداقەتمەن ۋاڭ تەيىنلىشىنىڭ مەقسىتى ئولپان ئىشلىرىنى ياخشى قىلدۇرۇش، ئوردا ئەلچىلىرىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالىدىغان قىلىش ئىدى. مىنگودىن 493 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 17 - يىلى) ئوردىدىن ئەمەلدار ئەۋەتىپ، دارايى، رەخت سوۋغات قىلىپ ھال سورىدى. ئانىسى بىلەن ئايالىغا ئالتۇن، ئۈنچە - مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن تاج، كىيىم - كېچەك ۋە گۈللۈك رەخت سوۋغات قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەلچىسى ۋە ئۇ يەرلىك ئۇيغۇرلار 2500 دىن ئارتۇق ئات ھەممە بۇلغۇن تېرىسى قاتارلىق ماللارنى ئولپان قىلدى. پەرمان بىلەن 32 مىڭ يامبۇ، يۈز توپ دارايى، 1000 توپ رەخت سوۋغات قىلىندى. كېيىنكى 4 يىلدا 330 تۆگە، 1000 ئات ئولپان قىلىپ ئەكەلدى. مىنگودىن 486 يىل بۇرۇن (مىڭ رېنزۇڭنىڭ خۇڭشى 12 - يىلى) ساداقەتمەن ۋاڭ ئۆلدى، كېيىنكى يىلى بۇرۇنقى ۋاڭ توقتونىڭ ئوغلى بوداشىر ۋارىسلىق قىلىپ ئېنائەتمەن ۋاڭ بولدى. مىنگودىن 484 يىل بۇرۇن (مىڭ شۈەنزۇڭنىڭ شۈەندى 3 - يىلى) بوداشىر تېخى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇنقى ساداقەتمەن ۋاڭنىڭ ئىنىسى توقاي تۆمۈر ساداقەتمەن ۋاڭلىققا بەلگىلىنىپ، دۆلەت ئىشىنى بىرلىكتە باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن، 2 ۋاڭ بارلىققا كەلدى. ئەسلى قۇمۇل بىر يىلدا 3 قېتىم ئولپان ئەكىلىپ تۇرغانىدى. مىڭ سۇلالىسى بۇنى بەك كۆپ بولۇپ كەتتى دەپ قاراپ، بىر يىلدا بىر قېتىم ئولپان ئەكىلىشنى بۇيرۇدى.

مىڭ يىڭزۇڭ (جۇجىجېن) ۋاقتىدا، ئويراتلاردىن ئېسەن كۈچلىنىپ كەتكەنلىكتىن، قۇمۇل ئۇلارغا بەيئەت قىلدى. ئېسەن ئۆلگەندىن كېيىن، قۇمۇل قايتىدىن ئىچكىرىگە بەيئەت قىلدى. كېيىن قوشنىسى تۇرپان تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.

**2. تۇرپاننىڭ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قوشۇۋېلىشى—تۇرپان خەن سۇلالىسى دەۋرىدە**

ئالدىنقى قوش بەگلىكنىڭ زېمىنى ئىدى. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە قوچۇ دۆلىتى قۇرۇلدى، تاڭ سۇلالىسى قوچۇ دۆلىتىنى يوقىتىپ، ئورنىغا شىجۇ ئايمىقى ۋە يارغۇل ناھىيىسىنى تەسىس قىلدى. بۇ بولسا يارغول ناھىيىسىنىڭ ئەنلى شەھىرى ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوچۇ دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىگىلەندى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرپان بىلەن لۈكچۈن ۋە قوچۇدا تۇمەنبېگى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. مىنگودىن 506 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 4 - يىلى) مىڭ سۇلالىسى بېشبالىقتا ئەلچى ئەۋەتكەندە، ئەلچى بۇ يەردىن ئۆتتى ۋە ئۇلارغا گۈللۈك رەخت سوۋغات قىلدى، ئۇلارنىڭ تۇمەنبېگى ساين تۆمۈر ئەلچى ئەۋەتىپ قاشتېشى ئولپان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئولپان ئەكىلىش ئۈزۈلمىدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ زېمىنى خوتەن بىلەن بېشبالىق چوڭ دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، كۈچىمۇ ناھايىتى ئاجىز ئىدى، كېيىن شەرق تەرەپتىكى قوشنىسى لۈكچۈن ۋە قوچۇنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن كۈچلىنىشكە باشلىدى.

لۈكچۈن شەھىرى (بۈگۈنكى تۇرپان ناھىيىسىدىكى لۈكچۈن) — كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۈكچۈن تەۋەسى، غەربىي يۇرت دورغايى تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لۈكچۈن ناھىيىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ قوچۇنىڭ 70 چاقىرىم غەربىدە. مىنگودىن 505 يىل بۇرۇن (يۇڭلې 5 - يىلى) لۈكچۈن شەھىرىنىڭ تۇمەنبېگى ۋاچىس ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان يەتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئولپان ئەۋەتىش ئۈزۈلمىدى. مىنگودىن 464 يىل بۇرۇن (جېڭتۇڭ 13 - يىلى) ئولپان ئەكەلگەندىن كېيىن قايتا ئولپان ئەكەلمىدى، بۇ چاغدا تۇرپان تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى.

قوچۇ (بۈگۈنكى تۇرپان ناھىيىسىدىكى قاراغوجا) لۈكچۈن شەھىرىنىڭ 70 چاقىرىم غەربىدە، تۇرپاننىڭ 30 چاقىرىم شەرقىدىكى جايدا بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئالدىنقى قوش بەگلىكنىڭ زېمىنى ئىدى. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە قوچۇ دۆلىتى بولدى. تاڭ تەيزۇڭ (لى شىمىن) قوچۇ دۆلىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ زېمىنىدا شىجۇ ئايمىقى تەسىس قىلدى. مىنگودىن 505 يىل بۇرۇن قاراغوجا شاھزادىسى ھەسەن ئەلچى ئەۋەتىپ، قاشتېشى ئولپان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئولپان ئەۋەتىش ئۈزۈلمىدى. مىنگودىن 464 يىل بۇرۇن ئولپان ئەۋەتكەندىن كېيىن، قايتا ئولپان ئەۋەتمىدى، تەقدىرى لۈكچۈن شەھىرى بىلەن ئوخشاش بولدى.

تۇرپان لۈكچۈن شەھىرى بىلەن قوچۇنى قوشۇۋالغاندىن كېيىن دۆلەت كۈچەيدى. ئۇنىڭ باشلىقى ئىمىن خوجا ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىۋالدى. ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان تاپشۇردى. مىنگودىن 447 يىل بۇرۇن (مىڭ شيەنزۇڭنىڭ چېڭخۇا 1 - يىلى) مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تۇرپاننىڭ 3 يىل ياكى 5 يىلدا بىر قېتىم ئولپان ئەكىلىشى، ئولپان ئەلچىلىرىنىڭ سانى 10 دىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى بۇيرۇدى. بۇ چاغدا قۇمۇلنىڭ ۋاڭى يوق بولۇپ، كۈنسېرى ئاجىزلاپ كەتمەكتە ئىدى. مىنگودىن 439 يىل بۇرۇن (چېڭخۇا 9 - يىلى) باھاردا تۇرپان سۇلتانى ئەلى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قۇمۇل شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ۋاڭنىڭ ئانىسىنى تۇتقۇن قىلدى ۋە ئالتۇن تامغىنى تارتىۋالدى، سىڭلىسىنىڭ ئېرى يالىنىنى باشقۇرۇشقا قويدى. مىڭ شيەنزۇڭ (جۇجيەنشېن) تۇتۇق ياردەمچىسى لى ۋېن قاتارلىقلارنى گەنسۇنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ نەتىجە بولمىدى. مىنگودىن 430 يىل بۇرۇن (چېڭخۇا 18 - يىلى) باھاردا قۇمۇلنىڭ بۇرۇنقى تۇتۇقى قامچىن خەندۇڭ، چىجىن 2 ياساۋۇلخانا ۋە ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى توپلاپ، تۈمەن ئادەم بىلەن كېچىدە تۇيۇقسىز قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتىدىن يىراق جايغا قوغلىۋەتتى. مىنگودىن 424 يىل بۇرۇن (شياۋزۇڭنىڭ خۇڭجى 1 - يىلى) دۆلىتىدىكىلەرنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، قامچىن ئىتائەتمەن ۋاڭ قىلىپ تەيىنلەندى.

بۇ چاغدا تۇرپان ۋاڭى ئەلى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى ئەخمەت سۇلتان بولدى، ئۇ «قامچىن ۋاڭ

نەسەبىدىن ئەمەس، شۇڭا قۇمۇل ۋاڭى بولۇشقا بولمايدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يالغاندىن توي قىلىش باھانىسى بىلەن قۇمۇلغا كىرىپ، ئۇنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈپ ئۆلتۈردى ۋە يېرىنى ئىگىلىۋالدى.

مىنگودىن 422 يىل بۇرۇن (خۇڭجى 3 - يىلى) باھاردا، تۇرپان ئەلچى ئەۋەتىپ، سەمەرقەنت ئەلچىسى بىلەن بىرلىكتە شىر ئولپان قىلدى (شىر ئامۇ دەريا بويىدىكى قومۇشلۇقتا ياشايدۇ، تۇغۇلغاندا كۆزى يۇمۇق بولىدۇ. 7 كۈندىن كېيىن كۆزى ئېچىلىدۇ. يەرلىكلەر ئۇنى كۆزى ئېچىلمىغان چاغدا تۇتىۋېلىپ، بېقىپ كۈندۈرىدۇ، سەل چوڭ بولىۋالسا كۈندۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇلار قۇمۇل شەھىرى ۋە تامغىنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. باش دىۋان بېگى ليۇجى «شىرنى بېقىشقا كۈندە 2 قوي كېتىدۇ، ئۇ 10 يىلدا 7200 تۇياق قوينى يەپ بولىدۇ. شىرغا كۈندە 50 چېرىك قاراشقا توغرا كېلىدۇ، بىر يىلدا 18 مىڭ ئادەم قارايدۇ. ئەگەر ئۇنى بېقىشنى توختىتىپ تاماق بەرمەي، ئۆزلۈكىدىن ئۆلۈشكە تاشلاپ قويساق، بۇ ئۇزۇنغىچە پارىڭنى قىلىدىغان قىزىقارلىق ئىش بولىدۇ» دېدى. مىڭ شياۋزۇڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى، كېيىنكى يىلى كۈزدە قۇمۇل شەھىرى ۋە تامغىنى قايتۇردى.

مىنگودىن 420 يىل بۇرۇن (خۇڭجى 5 - يىلى) ئوردا بۇرۇنقى ساداقەتمەن ۋاڭ توقتو جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان شەنبانى ئىتائەتمەن ۋاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، قۇمۇلنى قوغداشقا قويدى ۋە تامغا بېرىش پەرمانى ھەم ئەمەلدارلىق كىيىملىرى تەقدىم قىلدى ۋە شەھەرنى قوغداشقا قورال - ياراغ قاتارلىقلارنى بەردى. كېيىنكى يىلى باھاردا تۇرپان قايتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قۇمۇلنى ئىگىلەپ، شەنبانى تۇتقۇن قىلىپ قايتتى. مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى لەشكىرى پىرقە ئوڭقول يانداش بېگى جاڭ خەيدۇنى قۇمۇلنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. لېكىن نەتىجە بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن جيايۇگۈەن قوۋۇقىنى ئېتىپ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنى توختاتتى. بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ قاشقوۋۇقىنى ئېتىۋەتكەنلىكىگە ئوخشاش ئىش. بۇنىڭ بىلەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 170 ئەلچى سىرتتا قالدى.

مىنگودىن 417 يىل بۇرۇن (خۇڭجى 8 - يىلى گەنسۇ باش مۇپەتتىشى شۈجىن قوشۇن باشلا كېچىدە قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى. تۇرپاننىڭ ئۇ يەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان سەركەردىسى قېچىپ كەتتى. ب چاغدا غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى قوۋملە جۇڭگونىڭ قوۋۇقنى ئېتىپ ئولپان ئاپىرىشنى توختىتىپ قويغانلىقىنى تۇرپاندىن كۆرۈپ ئۇنىڭ نارازى بولماقتا ئىدى. كېيىنكى يىلى تۇرپان شەنبانى قۇمۇلغا قايتۇرۇپ ۋاڭ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلا قۇمۇل قايتىدىن خاتىرجەملىككە ئېرىشتى، تۇرپانم تېز - تېز ئولپان ئەۋەتىدىغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تۇرپان ۋاڭى ئەخمەت ئۆلۈپ، ئورنىغا چوڭ ئوغلى مەنسۇر ۋارىسلىق قىلدى. قۇمۇل ۋاڭى شەنب ئۆلۈپ ئورنىغا بەيياچى ۋارىسلىق قىلدى، ئۇ ئەخمەق بولغانلىقى ۋە باشقۇرۇشتا يولسىزلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، دۆلىتى مالىمانلىشىپ كەتتى. مەنسۇ قوزغىلۇقتا دادىسىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، شۇڭا ئۇنىڭد قايتىدىن قۇمۇلنى يۇتۇۋېلىش ئويى تۇغۇلدى. مىنگودىن 398يىل بۇرۇن (مىڭ ۋۇزۇڭنىڭ جېڭدې 9 - يىلى) مەنسۇر بەيياچىنى ئالداپ تەسلى قىلدۇرۇپ، قايتىدىن قۇمۇلنى قولغا كىرگۈزۈۋال دى. يۇقىرىدىكىلەر قۇمۇلغا 3 قېتىم ۋاڭ تىكلەپ، 3 قېتىم تۇزۇلۇپ قېلىش جەريانىدىن ئىبارەت، شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل قايتا قولغا كەلمىدى، ئەكسىچە ئاپەت گەنسۇغىچە يېتىپ كەلدى.

### 3. تۇرپاننىڭ گەنسۇغا بېسىپ كىرىشى

قۇمۇلنى ساقلاپ قالغاندا، گەنسۇنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى، گەنسۇنى ساقلاپ قالغاندا، قۇمۇلنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. قۇمۇل زاۋال تېپىشى بىلەن، گەنسۇ يات ئىقلىملاردىن مۇداپىئەلىنىدىغان توساقتىن ئايرىلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن چېگرىدا خاتىرجەملىك بولمىدى.

مىنگودىن 396 يىل بۇرۇن (جېڭدې 11 - يىلى) تۇرپان قوشۇنىنى بىرنەچچە يولغا بۆلۈپ كېلىپ شاجۇنى (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىدە، قوۋۇقنىڭ سىرتىدا) ئىگىلەپ، سۇجۇغا بېسىپ كىرىپ، كەڭ - كۆلەمدە تالان - تاراج قىلىپ قايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، كۆپ قېتىم چېگرىغا بېسىپ كەلدى، مىڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ ئولپان ئەلچىلىرىنى كىرگۈزمىدى، تۇرپان كۆپ قېتىم ئولپان ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، كېيىن مىڭ سۇلالىسى جەزمەن تامغا بېسىلغان گۇناھىنى تونۇش ھۆججىتى ئەۋەتىلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىتائەتمەن ۋاكىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قايتتى، مىڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ ئولپان ئەكىلىشىگە رۇخسەت قىلدى ۋە بۇرۇنقىدەك مۇئامىلە قىلىپ كۈتىۋالدى.

مىنگودىن 388 يىل بۇرۇن (مىڭ شىزۇڭ جياجىڭ 3 - يىلى) كۈزدە، تۇرپان 20 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن سۇجۇنى قورشىۋالدى. ئەسكەرنى بۆلۈپ گەنجۇغا بېسىپ كىردى. باش مۇپەتتىش جىن جيۇچۇ مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. چېن جيۇچۇ مەلۇماتنامە يېزىپ، قوۋۇقنى ئېتىپ ئولپان تاپشۇرۇشقا كەلگەنلەرنى كىرگۈزمەسلىكنى تەكلىپ قىلدى. كېيىنكى يىلى كۈزدە، يەنە سۇجۇغا بېسىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، تۆۋەنچىلىك بىلەن ئولپان كىرگۈزۈشكە رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭدىن كېيىن گاھ يۈز ئۆرۈپ، گاھ ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى، تۇرلاردىن ھەدەپ ئۇرۇش سىگناللىرى كېلىپ تۇردى. مىنگودىن 367 يىل بۇرۇنقى ۋاقىت (جياجىڭ 24 - يىلى) قا كەلگەندە مەنسۇر ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دۆلەتنى تالاشتى، ئاكا - ئۇكىلار قىرغىنچىلىق قىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. كېيىن 5 يىلدا بىر قېتىم ئولپان ئەكىلىش بەلگىلەندى. ئولپان بۇيرۇق بويىچە تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. ئەلچىلەر بارغانچە كۆپەيدى، مىڭ شىزۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (مىلادىيىدىن 346 يىل بۇرۇن) دا يات ئىقلىمدىن كەلگەن ئالاقە 348 پارچىگە يەتتى، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى قايتىدىن ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىغا خىلاپ ھالدا، سوۋغاتنى ئاز بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەنلى زامانىسىغا (مىڭ شېنزۇڭنىڭ يىلنامى. مىنگودىن 339 — 293 يىل بۇرۇنغىچە) كەلگەندىلا، ئاندىن ئولپان ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى.

قەدىمدىن بىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كۆچلۈك كۆچمە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قومۇلنى ئىگىلەپ، بۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولىنى توساش ھەمدە شۇنىڭ بىلەن، خېشى كارىدورىغا بېسىپ كىرىپ تالان - تاراج قىلىش ئىشى دائىملىق كۆرۈلۈپ تۇرغان ئىشتۇر. ئەمما تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى قەبىلىلەردىن بۇ جاينى ئىگىلەپ، سۇجۇ چېگرىسىدا مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇش ئىشى پەقەت تۇرپاندىلا كۆرۈلگەن ئىشتۇر.

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇت نىزام

# 新疆地方志

（季刊）

目　录

1999 年第二期

总第四十七期



顾　问

乌依古尔·沙依然

伊敏·图尔逊

努尔穆罕默德·多莱提

主　编

沙比尔·艾力

副主编

哈德尔·阿皮孜

吾甫尔·吾守尔·尼牙孜

阿不都肉甫·艾力

编　委

（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不都肉甫·艾力

阿不都守库尔·图尔地

阿不都克优木·霍加

阿不来提·努尔东

阿不来提·伊敏

沙比尔·艾力

吾甫尔·吾守尔·尼亚孜

霍加阿合买提·优努斯

哈德尔·阿皮孜

哈斯木·霍加

库尔班·马木提

买买提·阿不拉

责任编辑

阿不力孜·鄂尔浑


# 目　录

## 历史资料


加尔迪齐著《记述的装饰》摘要 …… 1

沙俄及前苏联时期的维吾尔学概述 …… 那比江·吐尔逊 14

于阗的古代居民及其维吾尔化研究 …… 达吾提·沙衣木 27

艾尼扎提和加及其猎狗 …… 艾合买提·巴义孜 32

飞毛腿——沙特尔 …… 亚库甫·艾买提 34


## 地名研究


阿尔泰地区有些哈语地名的特征 …… 拜吐拉·江艾合买提 35


## 学术讨论


新疆古代居民和欧州有关吗？ …… 霍尔瓦特·伊莎贝拉 38


## 风俗习惯


19 世纪后半期的维吾尔族家庭沿变 …… 赛义代·阿不都合米提娃 45


## 新疆百业


维吾尔人的家庭装饰——木箱 …… 阿义古丽·吾斯曼 51

和田玉史话 …… 艾比巴·阿不都拉 54


## 志　苑


阿不都卡德尔大毛拉暗杀的黑夜 …… 穆罕默德伊敏·库尔巴尼 57

丝绸之路上的驿站——西一都拉 …… 阿·阿里木


## 中国经营西域史


第二节：明与哈密吐鲁番之关系 …… 60

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى


# 新疆地方志维吾尔文(季刊) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال)

主　　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　　址：乌鲁木齐市东风路8号
照　　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会激光照排公司
印　　刷：新疆维吾尔自治区地矿彩印厂

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 8 ـ قورو
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى لازىر نۇرىدا ھەرپ تىزىش شىركىتى
باسقۇچى: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە ـ قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتى

内部报刊准印证(XJ)1165
电话：2821715　邮政编码：830002
工本费：3.00元

ئىچكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى: (XJ) 1165
تېلېفون نومۇرى: 2821715 پوچتا نومۇرى: 830002
تەننەرخى: 3.00 يۈەن